# هەققەت توغرسدا
# ئزدنش

Basic Christianity
(ISBN 962-202-538-2)

ئەسلی ئاپتوری: جان ستوت
John R.W. Stott

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز
1. توغرا يول 5
2. مەسىھنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى 25
3. مەسىھنىڭ خاراكتېرى 56
4. مەسىھنىڭ تىرىلىشى 73
5. گۇناھنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ماھىيىتى 98
6. گۇناھنىڭ ئاقىۋىتى 116
7. مەسىھنىڭ ئۆلۈمى 133
8. مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى 168
9. بەدەلىنى ھېسابلاش 183
10. تاللاش 206
11. مەن ئېتىقادچى 217

# كىرىش سۆز

دۇنيادا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئېتىقادچىلار ئائىلىسىدە چوڭ بولغاچقا، مەسىھكە ئائىت ھەقىقەتلەرنى تەبىئىي ھالدىلا قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تەرەققىي ئۇلغىيىپ مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان بولغاندا، ئۇلار كىچىك چېغىدا قوبۇل قىلغان بۇ ئېتىقادنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىدىن گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇ خىل مۇھىتتا چوڭ بولمىغان بەزى كىشىلەر ھىندى دىنىنى ياكى ئىسلام دىنىنى ۋە ياكى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان. بەزىلىرى دىنىي خاراكتېردىن خالىي گۇمانىزمنى، كوممۇنىزمنى ياكى مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپە ئېقىمىنىڭ نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىككى خىل ئادەملەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھايات تارىخىنى ئوقۇسا، ھەزرىتى ئەيسادىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ جەلپكارلىقنى ھېس قىلىشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز تارىختىكى ناسىرەلىك ئەيسانى باش تېما قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى شەك ـ شۈبھىسىزدۇر. ئۇنىڭ تارىختا ھەقىقەتەن ئۆتكەن بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئېتىقادچىسى بولمىغان ھەرقايسى ئاپتورلار ئىسپاتلىغان.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن ئادەم. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن خۇددى ئادەتتىكى ئادەملەر تۇغۇلغاندەك تۇغۇلغان، خىزمەت قىلغان، تەر ئاققۇزغان، ئۇخلىغان، ئاش-تاماق يېگەن. ئۇ ئاخىردا ئۇ ئازاب-ئوقۇبەت تارتقان، ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ھەقىقىي تەنگە ۋە مول ھېسسىياتقا ئىگە ئادەم. لېكىن، بىز ئۇنىڭ «خۇدا» ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلەمدۇق يوق؟ ئۇنىڭ خۇدالىق خاراكتېرى بىر گۈزەل خۇراپاتلىقمۇ؟ ئېتىقادچىلار ناسىرەلىك بۇ ياغاچچىنىڭ خۇدانىڭ يېگانە ئوغلى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئۇنداقتا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ سۆزلەرنىڭ دەلىل-ئىسپاتى بارمۇ يوق؟

مانا بۇ ماھىيەتلىك مەسىلە بولۇپ، بىز بۇنىڭغا چوقۇم جاۋاب بېرىشىمىز لازىم، بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق بولمايدۇ. ئەگەر ھەزرىتى ئەيسا يەنى خۇدا تەنگە ئايلانمىغان بولسا، بۇ ئېتىقاد يىمىرىلگەن بولاتتى.

لېكىن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدالىق خاراكتېرىگە قىل سىغمايدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھايات تارىخى ناھايىتى كۈچلۈك ئىسپاتقا ئىگە بولۇپ، سەممىي ئادەملەر بۇنى ئاقىلانىلىك بىلەن قوبۇل قىلالايدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆز ھاياتىدا، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە نىسبەتەن قىلغان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خىتابى شۇنچىلىك قەيسەر ۋە قورقماسكى، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ساختىلىق يوق. ئۇ يەنە پەۋقۇلئاددە ئەخلاق-پەزىلەتلىك. ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە مۇلايىملىقى، ئادىللىقى، مېھرىبانلىقى ۋە رەھىمدىللىقى، ئۇنىڭ بالىلارغا ۋە يېتىم-يېسىرلارغا

كۆيۈنۈشى، ئۇنىڭ سېخىيلىقى، پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولماقتا. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى ئاخىرلىشىشتىن دېرەك بەرمىدى. ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكى ناھايىتى كۈچلۈك پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

ئۇنداقتا، ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادى پەقەت «ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدانىڭ ئوغلى» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ياكى قىلماسلىق بىلەنلا چەكلىنەمدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، بىز ئۇنىڭ خۇدالىق خاراكتېرىنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ماھىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىمىز. ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى زادى نېمە مەقسەت ئۈچۈن؟ «مۇقەددەس كىتاب» بۇنىڭغا: «ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ناسىرەلىك ئەيسا دەل گۇناھكارلار ئېھتىياجلىق بولغان، ئاسماندىن كەلگەن قۇتقۇزغۇچىدۇر. بىز گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ، پاك بولغان خۇدا بىلەن يارىشىپ قېلىشقا موھتاج. بىز گۇناھ سەۋەبىدىن خۇدادىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتتۇق. بىز ئىنسانىيەتنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن ئازاد بولۇشقا، ھەمدە كۈچ-قۇدرەتكە ئېرىشىپ، ئۆز غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا موھتاج. بىز ئۆزئارا بىر-بىرىمىزنى سۆيۈشنى، دوستلىرىمىزنى سۆيۈشنى، ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزنىمۇ سۆيۈشنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. مانا بۇ «قۇتقۇزۇلۇش» ئەھمىيىتى. مانا بۇ ئەيسا مەسىھ ئۆز ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغان قۇتقۇزۇلۇشتۇر.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدالىقىنى قوبۇل قىلىشتا، ئىنسانىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا موھتاجلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگىلا ئىشىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئېتىقادىمىز پەقەت بىر خىل ئەقىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل «ھەرىكەتتۇر». ئىدراك جەھەتتە بىزنىڭ كەم-كۈتىسىز ئېتىقادىمىز بار، ئەمما بىز بۇ ئېتىقادىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىپادىلىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا، بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز قەلبىمىزنى، زېھنىمىزنى، بارلىقىمىزنى ۋە پۈتكۈل ھاياتىمىزنى ئەيسا مەسىھكە ئىككىلەنمەستىن تەقدىم قىلىشىمىز لازىم. بىز چوقۇم ئۇنىڭ ئالدىدا كەمتەر بولۇپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ، ئۇنىڭغا تايىنىشىمىز؛ ئۇنى «رەب» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشىمىز لازىم. ئاندىن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدە ئىخلاسمەن ئېتىقادچى، جەمئىيەتتە ياخشى پۇقرا بولۇشىمىز لازىم.

مانا بۇ ئېتىقادىمىزنىڭ ھەقىقىتى ھەم كىتابىمىزنىڭ باش تېمىسى. ئېتىقادىمىز ناھايىتى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا: «ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بىز خۇدانى ئىزدەپ تاپالايمىز» دەپ جاكارلايدۇ. بىز بۇ خىتابنى ئاڭلىغىنىمىزدا شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى: «خۇدا بىزنى ئىزدەيدۇ، بىز ئۆزىمىزمۇ خۇدانى ئىزدىشىمىز كېرەك».

# 1

# توغرا يول

«مۇقەددەس كىتاب» ئاساسىي مەقسەتنى باشتىلا «خۇدا ھەممىدىن بۇرۇن...» دېيىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ سۆز «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» كىتابىنىڭ باشلىنىش سۆزى بولۇپلا قالماستىن، يەنە پۈتكۈل «مۇقەددەس كىتاب»نى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى. بۇ سۆز بىزگە «مۇقەددەس كىتاب» تونۇشتۇرىدىغان ئېتىقادنىڭ خۇدانى مەركىز قىلغان ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خۇدا سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىن مەڭگۈ ھالقىغان بولۇپ، خۇدانىڭ قابىلىيىتىگە ھېچقانداق ئادەم شېرىك بولالمايدۇ. ئۇ مەڭگۈ ئاكتىپ. ئىنسانلار خۇدانى ئىزدەشتىن ئاۋۋال خۇدا ئالدى بىلەن ئادەملەرنى ئىزدىگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تىن بىز ئىنساننىڭ خۇدانى ئىزدىگىنىنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىنسانلارغا قول ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر خۇدانى ئاسماندىكى تەختىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ھامىنى بىركۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجىغا قىلچىمۇ قىزىقمايدۇ، كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ نالە-پەريادىدىن بېشى ئاغرىغاندا، خۇدا ئاندىن ئىنسانلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش تۈپتىن خاتا. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە بىلدۈرگەن خۇدا ئىنسانلارنىڭ تېخى قاراڭغۇلۇقتىكى،

گۇناھقا پاتقان ۋە خۇدانى ئىزدەشنى تېخى ئويلىمىغان چېغىمىزدا ئالدى بىلەن ئۆزى ھەرىكەت قىلغان خۇدادۇر. ئۇ ئۆز تەختىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، شان-شۆھرىتىنى تاشلاپ، ئىنسانلارنى كەمتەرلىك بىلەن ئىزدىگەن.

بىز نۇرغۇن جەھەتلەردىن خۇدانىڭ بۇ خىل ئالىجاناب ھەرىكىتىنى كۆرۈۋالالايمىز. خۇدا بۇ ئالەمنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئاكتىپلىق بىلەن ياراتتى.

> «خۇدا ھەممىدىن بۇرۇن پۈتۈن ئالەمنى ياراتتى» (تەۋراتتىكى «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 1-باب، 1-ئايەت).

خۇدا ۋەھيى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىرادىسىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئاكتىپلىق بىلەن ئاشكارىلىدى.

> «قەدىمكى زامانلاردا، خۇدا ئەجدادلىرىمىزغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ھەر خىل يوللار بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆزلىگەنىدى. مۇشۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردا بولسا بىزگە ئۆز ئوغلى ئارقىلىق سۆزلىدى» (ئىنجىلدىكى «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب، 1-ئايەتتىن 2-ئايەتكىچە).

خۇدا يەنە قۇتقۇزۇش ئىشىدا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئاكتىپلىق بىلەن پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئەر ياكى ئايال دەپ ئايرىماي، گۇناھنىڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلدى.

«پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا مەدھىيلەر ئوقۇلسۇن! چۈنكى، ئۇ شاپائەت قىلىپ، خەلقىنى قۇتقۇزدى» (ئىنجىلدىكى«لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1ـباب، 68ـئايەت).

دېمەك خۇدا ياراتتى، خۇدا بىلدۈردى، خۇدا ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. مانا بۇ ئىشلار بىزگە خۇدانىڭ ئۈچ جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەزكۇر كىتاب ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، ئېتىقادىمىز ئەيسا مەسىھنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. ئەگەر خۇدا بىزگە بىرەر نەرسىنى بىلدۈرمەكچى بولسا، ئۇنىڭ بىلدۈرىدىغىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى دەل ئەيسا مەسىھتۇر. ئەگەر خۇدا توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ تۇرسا، خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق دۇنيانى قۇتقۇزغانلىقى ئۇنىڭ ئەڭ سەلتەنەتلىك ھەرىكىتىدۇر.

خۇدا ئاللىقاچان ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بىزگە سۆزلىدى ھەم ئۇ ئارقىلىق چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. دېمەك، ئېتىقادىمىز قۇرۇق گەپ ياكى بىر دۆۋە دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ياكى بىر قاتار قائىدە ـ تۈزۈملەر ئەمەس. بەلكى ئۇ بىر خۇش خەۋەر. يەنى ئەڭ ياخشى خەۋەردۇر. خۇددى پاۋلۇس ئېيتقاندەك:

«خۇدانىڭ خۇش خەۋىرى...ئۇنىڭ ئوغلى توغرىسىدا...ئەيسا مەسىھ...» (ئىنجىلدىكى

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 1ـ باب،
1ـ ئايەتتىن 4ـ ئايەتكىچە).

ئېتىقادىمىزنىڭ ئاساسلىق مەقستى ئادەملەرنى بىر ئىش قىلىشقا چاقىرىش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئىنسانلارغا قىلغان ئۇلۇغ ئىشىنى جاكارلاشتۇر.

خۇدا بىلدۈردى

ئىنسانلار بىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ پىشخىكىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ھەرگىز جىم تۇرمايدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرى تېخى بىلەلمىگەن تەرەپلەر ئۈستىدە توختىماستىن ئىزدىنىدۇ، زېھىن قويۇپ، بىلىم ئىگىلەيدۇ. ئىنسان ھاياتى ئىزدىنىش مۇساپىسىدۇر. ئۇ ئۆزلۈكسىز بايقايدۇ، سورايدۇ، قازىدۇ، تەكشۈرىدۇ، يىغىدۇ. ئۇ باللارچە سوئال سوراش مىجەزىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ.
ئادەملەر خۇدانى ئويلىغىنىدا، ئۇلار گاڭگىراش ئىلكىدە قالىدۇ. ئۇلار ئىزدىنىدۇ، تىرىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، خۇدا شۇنىڭ ئۈچۈن خۇداكى، ئۇ «چەكسىزدۇر»، ئەمما ئىنسانلار بولسا «چەكلىكتۇر». خۇدا ئىنسانلارنىڭ «چۈشىنىش ئىقتىدارى»دىن ھالقىغان بولىدۇ. شۇڭا، گەرچە بىزنىڭ مېڭىمىز ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاجايىپ ئۈنۈملۈك قورال بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ مېڭىمىز بۇ جەھەتتە

بىزگە بىۋاستە ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئىلىم-پەن خۇدانىڭ چەكسىز ئەقىل-ئىدراك ئالىمىگە كىرەلمەيدۇ. بۇ ئىككىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان شوتىمۇ يوق. خۇدا ئەييۇپتىن مۇنداق سورىغان:

«سەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق خۇدانى تونۇيالامسەن؟» (تەۋراتتىكى «ئەييۇپ» 11-باب، 7-ئايەت).

بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، خۇدا ئىنسانلارنى ئاكتىپلىق بىلەن قۇتقۇزمىسا، ئىنسانلار مەڭگۈ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ھالەتتە تۇرۇپ قېلىپ، پىلاتۇسقا ئوخشاش: «ھەقىقەت دېگەن نېمە؟» (ئىنجىلدىكى «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 18-باب، 38-ئايەت) دەپ سورايدۇ. پىلاتۇس بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى كۈتمىدى. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. پىلاتۇسمۇ ئادەم. ھەربىر ئادەمنىڭ دىنىي ئېتىقادى بولىدۇ. لېكىن پىلاتۇسنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىدا ئۇيۇلغىنى، خۇددى ئافىنا شەھرىدىكى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭكىگە ئوخشاش، «مەلۇم بولمىغان خۇداغا» (ئىنجىلدىكى «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17-باب، 23-ئايەت) دېگەن سۆزدۇر.

لېكىن، خۇدا ئاللىقاچان بىلدۈردى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆزىنى ئاكتىپلىق بىلەن نامايان قىلدى. بىز ئويلاپ يېتەلمەيدىغان ئىشلارنى خۇدا بىزگە ئاللىقاچان «ئېچىپ» بەردى. ئۇنىڭ ۋەھىيسى مەلۇم جەھەتتىن تەبىئەت دۇنياسىدا ئىپادىلىنىدۇ. «بايان قىلۇر كۆك

ئاسمان خۇدانىڭ شان-شۆھرىتىنى، تارقىلۇر سامادىن ئۇنىڭ قۇدرىتى» («زەبۇر» 19-باب، 1-ئايەت). يەنە ئىنجىلدىكى«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 1- باب، 19-ئايەتتىن 20-ئايەتكىچە مۇنداق يېزىلغان:

«ئۇلار خالىغان بولسىدى، خۇدانى بىلەلەيتتى. چۈنكى، خۇدا توغرىسىدىكى ئىشلار ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. خۇدا بۇلارنى ئۇلارغا ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن. دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى، خۇدانىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئۆزگىچىلىكلىرى يەنى ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك قۇدرىتى ۋە بىردىنبىر خۇدا ئىكەنلىكى ئۆزى ياراتقان مەۋجۇداتلار ئارقىلىق ئوچۇق كۆرسىتىلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن، ئىنسانلار خۇدانى بىلمەيمىز، دەپ باھانە كۆرسىتەلمەيدۇ».

مانا بۇ خۇدانىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى «ئومۇمىلىق» (چۈنكى ئۇ ھەممەيلەنگە ئايان) ياكى «تەبىئىلىك» (چۈنكى ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا بىزگە ئايان) ئارقىلىق بىزگە بەرگەن ۋەھيىسى.

لېكىن بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ خىل ۋەھيي، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، خۇدانىڭ قۇدرىتىنى، خۇدانىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى پەقەتلا يېرىم نامايان قىلىدۇ. لېكىن، ئىنسان خۇدانى تونۇماقچى بولسا ۋە ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشمەكچى بولسا، ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولسا، ئىنسان

چوقۇم تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ ئەمەلىي ۋەھىيگە موھتاج. خۇدانىڭ ئۆز-ئۆزىنى نامايان قىلىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى، مېھىر-مۇھەببىتىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى گۇناھتىن قۇتقۇزىدىغان قۇدرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك. خۇدا بۇلارنى بىزگە ئاللىقاچان خۇشاللىق بىلەن ئىلتىپات قىلدى. بۇ بىر چوڭ ھەم «ئالاھىدە» ۋەھىي بولۇپ، بىر تۈركۈم ئەلچىلەر («كونا ئەھدە»دىكى پەيغەمبەرلەر ۋە «يېڭى ئەھدە»دىكى ئەلچىلەر) ئارقىلىق ئالاھىدە بىر مىللەتكە (يەھۇدىيلارغا) نامايان قىلىنغان. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتى دەل بۇ ۋەھىينىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

«مۇقەددەس كىتاب» خۇدانىڭ بىلدۈرۈشى ئارقىلىق بۇ ۋەھىينى چۈشەندۈرىدۇ ۋە تەسۋىرلەيدۇ. بىزنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ ياخشى قورالىمىز تىل. بىز سۆزلەش ئارقىلىق كۆڭلىمىزدە ئويلىغانلىرىمىزنى ئاشكارىلىيالايمىز. خۇدا تېخىمۇ شۇنداق، ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز ئوي-پىكىرلىرىنى بىزنىڭ چەكلىك بولغان مېڭىمىزگە ئايان قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. خۇددى يەشايا پەيغەمبەر ئېيتقاندەك:

> «ئاسمان يەردىن قانچىلىك يىراق بولسا، خۇدانىڭ ئوي-پىكىرلىرىمۇ بىزنىڭ ئوي-پىكىرلىرىمىزدىن شۇنچىلىك يۇقىرى بولىدۇ» (تەۋراتتىكى «يەشايا» 55-باب، 9-ئايەت).

ئەگەر خۇدا سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزىنى ئايان قىلمىسا، بىز ئۇنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، «خۇدانىڭ سۆزى» تاكى ئەيسا مەسىھ كەلگۈچە پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي بولۇپ چۈشتى. «ھەممىدىن بۇرۇن كالام مەۋجۇت ئىدى»؛«كالام ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ياشىدى» (ئىنجىلدىكى «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 1- ۋە 14- ئايەت). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاۋلۇسمۇ كورىنتتىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە خەت يازغاندا مۇنداق يازىدۇ:

> «چۈنكى، خۇدا ئۆزىنىڭ دانالىقى بىلەن شۇنى بەلگىلىگەنكى، ئىنسانلار ئۆز ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ، ھەرگىز خۇدانى تونۇيالمايدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا، ئەخمىقانىلىق دەپ قارالغان بۇ خۇش خەۋەر ئارقىلىقلا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارنى قۇتقۇزۇشتۇر». (ئىنجىلدىكى «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 1-باب، 21-ئايەت).

ئىنسانلارنىڭ خۇدانى تونۇيالىشى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تايىنىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆزى ئارقىلىق (بىز يەتكۈزگەن «ھەقىقەت» ئارقىلىق) ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ خۇدانى تونۇشى ئۆزلىرىنىڭ ئوي-پىكىرىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ۋەھىيسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. خۇدا ئۆزىنى ئاللىقاچان دەل ئەيسا مەسىھتە ئايان قىلغان

بولغاچقا، خۇددى پاۋلۇس ئارېئوپاگۇستا ئافىنالىقلارغا سۆزلىگىنىگە ئوخشاش، ئېتىقادچىلار باتۇرلۇق بىلەن خۇدانى چۈشەنمىگۈچىلەرگە ۋە خۇراپاتلىقلارغا بىرىلگۈچىلەرگە: «مەن ھازىر دەل مانا شۇ سىلەرگە مەلۇم بولمىغان، لېكىن سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان خۇدانى سىلەرگە تونۇشتۇراي» دېيەلەيدۇ. (ئىنجىلدىكى «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17ـباب، 23ـئايەت).

ئىلىم-پەن ۋە دىنىنىڭ مۇنازىرىسى دەل مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن. تەجرىبە ئۇسۇللىرى ئېتىقادنىڭ كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدۇ. ئىلىم-پەن بىلىملىرى تەكشۈرۈش ۋە تەجرىبە ئارقىلىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىنىدىغان ماتېرىياللىرى تەنىنىڭ بەش ئەزاسىنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنىدۇ. لېكىن، خۇدا ھەققىدە تەجرىبە ياكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ماتېرىيال توپلىيالمايمىز. چۈنكى، خۇدانى كۆرگىلى ياكى تۇتقىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇ ئىنسانلارغا سۆز قىلغان ھەمدە تەن بولۇپ بۇ دۇنياغا چۈشكەن. شۇڭا، يۇھاننا «يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت»تە، مەقسەتنى باشتىلا ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق دەيدۇ:

> «بىز بۇ خېتىمىزدە سىلەرگە ئەزەلدىن بار بولغان ھاياتلىق كالامى توغرىسىدا بايان قىلماقچىمىز. بىز بۇ ھاياتلىق كالامىنى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغان، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ۋە كۆزەتكەن ھەمدە ئۇنى ئۆز قوللىرىمىز بىلەن تۇتقان. بۇ ھاياتلىق بىزگە

ئايان بولدى. بىز ئۇنى كۆردۇق. شۇڭا، بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىمىز ھەمدە ئەسلىدە ئەرشتىكى ئاتىمىز بىلەن بىللە بولۇپ، كېيىن بىزگە ئايان بولغان بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى سىلەرگە بايان قىلىمىز. سىلەرنىڭمۇ بىز بىلەن قېرىنداش بولۇشۇڭلار ئۈچۈن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى سىلەرگە يەتكۈزۈۋاتىمىز. بىز بۇنداق قېرىنداشلىقتىن بىللە بەھرىمان بولالايمىز. چۈنكى، بىز ھەممىمىز بىرلىكتە ئاتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھكە باغلاندۇق» (ئىنجىلدىكى «يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1-باب، 1-ئايەتتىن 3-ئايەتكىچە).

## خۇدانىڭ ھەرىكىتى

ئېتىقادىمىزنىڭ ياخشى خەۋىرى خۇدانىڭ بىزگە ئۆزىنى نامايان قىلغانلىقىنى جاكارلاش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئېتىقادىمىز يەنە خۇدانىڭ ئاللىقاچان ھەرىكەت قوللانغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. خۇدانىڭ بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بىز ھېچنېمىنى بىلمەيلا قالماستىن، يەنە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز چېكىدىن ئاشقان. شۇڭا، خۇدانىڭ پەقەتلا ئۆزىنى نامايان قىلىپ قويۇشى بىزگە يېتەرلىك ئەمەس. ئۇ بىزنى چوقۇم ئۆز

ھەرىكىتى ئارقىلىق گۇناھتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشى كېرەك. ئۇ «كونا ئەھدە» زامانىسىدىلا ئۆز خىزمىتىنى باشلىغان. ئۇ ئىبراھىمنى ھاران شەھىرىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى چوڭ بىر دۆلەتنىڭ خەلقى قىلدى. ئۇ يەنە ئۇلارنى مىسىردىكى قۇللۇقتىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇلار بىلەن سىنا تېغىدا ئەھدە تۈزدى. شۇنداقلا، ئۇلارنى ئۆزى بەرمەكچى بولغان زېمىنغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خەلقى بولۇشى ئۈچۈن، تەلىم بېرىپ يېتەكلىدى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىدى. ئىنسانلارنىڭ قۇتۇلدۇرۇلۇشقا موھتاجلىقى مىسىردىكى قۇللۇقتىن ۋە ياكى بابىلوننىڭ تالان-تاراج قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئەمەس، بەلكى گۇناھنىڭ قۇل قىلىشىدىن ۋە تالان-تاراج قىلىنىشىدىن قۇتۇلۇشتۇر. مەسىھنىڭ كېلىشىدىكى مەقسەتمۇ دەل شۇ. ئۇ قۇتقۇزغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن بۇ دۇنياغا كەلدى.

> «... ئۇنىڭغا ئەيسا مەنىسى پەرۋەردىگار قۇتقۇزىدۇ دەپ ئىسىم قويغىن، چۈنكى ئۇ ئۆز خەلقىنى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ» (ئىنجىلدىكى «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 21-ئايەت).

> «ئەيسا مەسىھ گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى، دېگەن بۇ سۆز ھەقتۇر ۋە ئۇنى

قوبۇل قىلىشقا پۈتۈنلەي ئەرزىيدۇ» (ئىنجىلدىكى «تىموتىيغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 1ـ باب، 15ـ ئايەت).

«ئىنسانئوغلى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئازغان ئادەملەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى» (ئىنجىلدىكى «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19ـ باب، 10ـ ئايەت).

ئۇ خۇددى پادىچىغا ئوخشاش، قويلار توپىدىن بىرەر قوي يىتىپ كەتسە، تاكى قوينى تاپقۇچە ئۇنى ئىزدەيدۇ. («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نىڭ 15ـ باب،3ـ ئايەتتىن 7ـ ئايەتكىچە). دېمەك ئېتىقادىمىز قۇتقۇزۇش ئېتىقادىدۇر. ئۇ گۇناھكارلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، گۇناھكارلارنى ئىزدەيدىغان، گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان ھەقىقىي خۇدانى تونۇشتۇرىدۇ. بۇ خۇش خەۋەر دۇنيادىكى باشقا دىنلاردىن پەرقلىقتۇر.

## ئادەملەرنىڭ ئىنكاسى

خۇدا بىزگە ئاللىقاچان ئۆزى توغرىسىدا بىلدۈردى، خۇدا ئاللىقاچان ھەرىكەت قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «مۇقەددەس كىتاب»تا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن ۋە ئىزاھلانغان. لېكىن، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر مۇشۇ يەردە توختاپ قالىدۇ. مۇنداق ئادەملەرگە نىسبەتەن، خۇدانىڭ

سۆزلىرى ۋە خۇدانىڭ قىلغانلىرى ئۆتۈپ كەتكەن تارىختۇر. ئۇلار تارىختىن مېڭىپ چىقىپ، تەجرىبىگە قەدەم تاشلىيالمىغان ھەم «مۇقەددەس كىتاب»نى تۇرمۇشقا تەدبىقلىيالمىغانلاردۇر. خۇدا بىزگە سۆز قىلدى، بىز ئاڭلىدۇقمۇ يوق؟ خۇدا بىز ئۈچۈن چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، لېكىن بىز ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن پايدىغا ئېرىشەلىدۇقمۇ يوق؟ مەزكۇر كىتابنىڭ تۆۋەندە سۆزلىمەكچى بولغىنى بىزدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىنكاسىمىزدۇر. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىمىز پەقەت بىزنىڭ چوقۇم ئۇنى ئىزدىشىمىزنىڭ لازىملىقىدۇر. خۇدا ئاللىقاچان بىزنى ئىزدىدى، ئۇ ھازىرمۇ بىزنى ئىزدىمەكتە. بىزمۇ ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىشىمىز لازىم. خۇدا يۇقىرى ئاۋازدا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئىزدىمەيۋاتقانلىقىنى كەسكىن جاكارلىماقتا. خۇدا ئاسماندىن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مېنى چۈشىنىدىغانلار ۋە مېنى ئىزدەيدىغانلار بارمىدۇ، دەپ زېمىنغا قارايتتى. ئەپسۇسكى،

> «بارلىق ئادەملەر يولدىن ئاداشقان، گۇناھقا پاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرى يوق ئىدى، ھەتتا بىرىمۇ يوق ئىدى» («زەبۇر» 14_باب، 2_ئايەتتىن 3_ئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسا ئاللىقاچان ئىجازەت بېرىپ:

> «...ئىزدەڭلار، تاپىسىلەر» دېگەنىدى. (ئىنجىلدىكى «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7_باب، 7_ئايەت).

ئەگەر بىز ئىزدىمىسەك، مەڭگۈ تاپالمايمىز. پادىچى يوقاپ كەتكەن قويىنى ئىزدەپ ئاخىر تاپتى. ئايال يوقاپ كەتكەن كۈمۈش تەڭگىسىنى ئىزدەپ تاپتى. بىز ئىزدىسەك نېمىشقا تاپالمايدىكەنمىز؟ خۇدا بىزنىڭ ئۆزىنى ئىزدىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق، پەقەت ئۇنى ئىزدىگەنلەرلا ئاندىن ئۇنى تاپالايدۇ.

بىز چوقۇم ئۇنى تىرىشىپ ئىزدىشىمىز لازىم. ئەمىرسون ئەپەندى: «ئادەم ھۇرۇن كېلىدۇ» دېگەنىدى. ئەمما، بۇ ئىش بەكمۇ مۇھىم ، شۇڭا بىز خاراكتېرىمىزدىكى ھۇرۇنلۇقنى ۋە بوشاڭلىقنى يېڭىپ، ئۇنى پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن ئىزدىشىمىز لازىم. خۇدا بىپەرۋا ئادەملەرنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئىزدىگۈچىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. (ئىنجىلدىكى «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 11ـباب، 6ـئايەت).

بىز چوقۇم كەمتەرلىك بىلەن ئىزدىشىمىز لازىم. ئەگەر بوشاڭلىق بەزى ئادەملەرنىڭ خۇدانى ئىزدىشىگە توسالغۇلۇق قىلسا، ھاكاۋۇرلۇق يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ يەنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ئادەملەرنىڭ خۇدانى ئىزدىشىدىگە توسالغۇ بولىدۇ. بىز چوقۇم كالللىمىزنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر خۇدانىڭ ئۆزىنى بىزگە تونۇتىدىغان ۋەھىيسى بولمىسا، ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئۇنى مەڭگۈ بايقىيالمايدىغانلىقىمىزنى كەمتەرلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. مەن بۇ يەردە سىلەرگە ئەقلىي ئىزدىنىشنى توختىتىڭلار، دېمەكچى ئەمەسمەن.

ئەكسىچە، «زەبۇر» ئاپتورى بىزگە ئەقىلسىز ئات-ئېشەكتەك بولماڭلار، دەپ تەلىم بەرگەن («زەبۇر» 32-باب، 9-ئايەت). بىز چوقۇم كالللىمىزنى ئىشلىتىشىمىز لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كالللىمىزنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ھەزرىتى ئەيسا:

«پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاتا! سەن بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزىنى ئەقىللىق، بىلىملىك چاغلايدىغان كىشىلەردىن يوشۇرۇپ، كىچىك باللاردەك سەبىي كىشىلەرگە ئاشكارىلىغانلىقىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەدھىيىلەر ئوقۇيمەن» دېگەنىدى. (ئىنجىلدىكى «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11-باب، 25-ئايەت).

مانا بۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىچىك باللارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى. كىچىك باللار تەربىيە ئاڭلايدۇ، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىشنى بىلمەيدۇ. پو ئېتىشنى بىلمەيدۇ. بىزنىڭ موھتاج بولغىنىمىز دەل باللارنىڭكىگە ئوخشاش سەبىي قەلبتۇر.

بىز چوقۇم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشىمىز لازىم. «خۇدا ئۆزىنى ۋەھيي ئارقىلىق نامايان قىلغان» ئىكەن، بىز ھاكاۋۇرلۇقنى تاشلاش بىلەن بىرگە يەنە بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. ناھايىتى كەمتەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە قەلبىمىزنى ئېچىشىمىز لازىم. ھەربىر ئۆگەنگۈچى شۇنى بىلىشى كېرەككى،

ئاداۋەت بىلەن «تەتقىق قىلىش» بەكمۇ خەتەرلىك. ئەپسۇسكى، «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ھەقىقەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بەزى ئادەملەرنىڭ غەرەزلىرى بەكمۇ سىرلىق. لېكىن، خۇدانىڭ ئىجازىتى خۇدانى پەقەت چىن قەلبىدىن ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈنلا ئوچۇق. تەۋراتتىكى «يەرەمىيا» 29ـ باب، 13ـ ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«سىلەر پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن مېنى ئىزدىگەن چېغىڭلاردا، سىلەر مېنى چوقۇم تاپالايسىلەر».

شۇڭا، بىز بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلىرىمىزنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، قەلبىمىزنى ئېچىۋەتقەن ھالدا ئېتىقادىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىنى تەتقىق قىلالايلى.

بىز چوقۇم توغرا نىيەت بىلەن ئىزدىنىشىمىز لازىم. بۇ يەتمەك تەس بولغان بىر شەرت. بىز خۇدانى ئىزدىگەندە، ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزنىڭ پىكىرلىرىنى تۈزىتىپ تۇرۇشىمىز ھەمدە تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىشنى خالىشىمىز لازىم. ئېتىقادىمىزنىڭ خەۋىرى كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. خۇش خەۋەر ھەقىقىي ئىكەن، بىز يامانلىقتىن ۋاز كېچىپ، ياخشىلىقنى قوبۇل قىلايلى. ئادەملەر «ياقتۇرماسلىق»تىن ئىبارەت سوغۇق مۇئامىلە بىلەن خۇدانى كۆزەتسە بولمايدۇ. سىز خۇدانى مىكروسكوپ ياكى دۇربۇننىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ: «ۋاھ! نېمە دېگەن قىزىقارلىق ـ ھە!» دەپ ئېيتالمايسىز. خۇدانى ئىزدەش ھەرگىزمۇ «باللار ئويۇنى»دەك ئاسان ئىش ئەمەس. خۇدا

ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئەيسا مەسىھمۇ دەل شۇنداق. بىز تەتقىقاتقا كىرىشكەندە، ۋىجدانىمىز ئويغىنىدۇ. بىز خۇدانى ئاقلانىلىق بىلەن تەكشۈرگىنىمىزدە، خۇدانىڭ روھىمۇ بىزنى تەكشۈرىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئېتىقادسىز يەھۇدىيلارغا مۇنداق دەيدۇ:

«خۇداغا چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلىشنى خالايدىغان كىشى بۇ تەلىمنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ياكى ئۆزلۈكۈمدىن ئېيتىۋاتقانلىقىمنى بىلەلەيدۇ» (ئىنجىلدىكى «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7_باب، 17_ئايەت).

خۇدا ئۆز ئىرادىسىنى كۆرسەتكەنىكەن، بىز ئۇنى چوقۇم ئورۇندىشىمىز كېرەك.

بىر قېتىم، ئەمدىلا مەكتەپنى تۈگىتىپ، لوندوندا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ياشنىڭ مېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل چېركاۋغا بارماپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاپ، يالغاندىن ياخشىچاق بولۇشنى خالىمايدىكەن. ئۇ ھەم ئۇلارغا ئىشەنمەيدىكەن. ئۇ چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا: «ئەگەر مەن سىزنىڭ كاللاڭدىكى قىيىنچىلىقنى سەن قايىل بولغۇدەك جاۋاب بىلەن ھەل قىلسام، سەن ھازىرقى تۇرمۇش ھالىتىڭنى ئۆزگەرتىشنى خالامسەن؟» دېدىم. ئۇ قىزىرىپ كېتىپ كۈلۈپ قويدى. ئەسلىدە ئۇ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن

كېيىن، بارلىق چەكلىمىلەرنى قايرىپ قويۇپ، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭدىكى مەسىلە ئىدراك جەھەتتىكى مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئەخلاق جەھەتتىكى مەسىلىسىدۇر.

شۇڭا، بىز بارلىق ھۇرۇنلۇقتىن ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن، بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە گۇناھتىن قۇتۇلۇپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماسلىق ئىرادىسى بىلەن خۇدانى ئىزدىشىمىز لازىم. مانا بۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىكى زۆرۈر روھتۇر. بولۇپمۇ ئەقلىي جەھەتتىكى بىر تەرەپلىملىك بىلەن ئەيش-ئىشرەت ۋە كەيىپ-ساپا ھەقىقەتنى ئىزدەشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. بۇنداق ئادەملەر ھەقىقەتكە يۈزلىنىشتىن قورقىدۇ. قورقۇش بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، خۇدانى ئىزدەش ۋە ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش مۇنداقلا پۈتىدىغان ئاددىي ئىش ئەمەس. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان كۆز قارىشىمىز ۋە پوزىتسىيىمىزنى يېڭىۋاشتىن ئويلىشىمىزنى ۋە ئۆزگەرتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بىزنى ئارسالدى قىلىۋاتقىنى، يەنىلا ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى قورقۇنچاقلىقنىڭ بىرىكمىسىدۇر. تاپالماسلىقىمىزدىكى سەۋەب بىزنىڭ ئىزدىمىگەنلىكىمىزدە. بىزنىڭ ئىزدىمىگىنىمىز بىزنىڭ ئىزدەشنى ئويلىمىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىزدىمىسەك تاپالمايمىز-دە.

خۇدا سىزگە ئىزدىنىش جۈرئىتى ئاتا قىلغاي. ئەگەر سىز كەمتەرلىك بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن

ئىزدەپ، خۇدانى توغرا نىيەت بىلەن ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، خۇدا ئۆزىنى ئايان قىلغان «مۇقەددەس كىتاب»نى قولىڭىزغا ئېلىپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتى خاتىرىلەنگەن تۆت خۇش خەۋەر كىتابلىرىنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىڭ. ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزىنى ئاشكارىلايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پۇرسەتنى بېرىڭ. سىز نېمىشقا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قولىڭىزغا «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» ياكى «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نى ئېلىپ، تەتقىق قىلىپ باقمايسىز؟ ئالدى بىلەن بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ، دەسلەپكى تەسىراتقا ئىگە بولۇڭ. ئاندىن بىر باب، بىر بابتىن تەپسىلىي ئوقۇڭ. ئوقۇشىڭىز ئالدىدا، ئالدى بىلەن دۇئا قىلىڭ:

«ئى خۇدا! ئەگەر سىز ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسىڭىز (مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن)، ئەگەر سىز مېنىڭ دۇئايىمنى ئاڭلىسىڭىز (مەن سىزنىڭ ئاڭلايدىغان ياكى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن)، مەن سەمىمىيلىك بىلەن ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان بىر ئادەم. مېنىڭ قەلبىم ئوچۇق. مەن ئىشىنىشنى خالايمەن. مەن بويسۇنۇشنى خالايمەن. ماڭا ھەقىقەتنى كۆرسەتكەيسىز. ئەيسانىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ياكى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ياكى ئەمەسلىكىنى ماڭا ئايان قىلغايسىز. ئەگەر سىز مېنىڭ قەلبىمدە ئىشەنچ پەيدا قىلسىڭىز، مەن ئەيسانى قۇتقۇزغۇچۇم، دەپ قوبۇل قىلىمەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىمەن، ئۇنى رەببىم دەيمەن. ئامىن»

مۇشۇنداق دۇئا قىلىشنى خالىغان ئادەم ھەرگىز نائۈمىدتە قالمايدۇ. خۇدا ھەرگىزمۇ باشقىلارغا قەرزدار بولمايدۇ. ئۇ تەتقىق قىلىشنى خالىغانلارغا ۋە ئىزدەنگۈچىلەرگە جاۋاب بەرمەي قالمايدۇ. ئۇ بىزگە ۋەدە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىزدىسەڭلار تاپىسىلەر».

## 2

# مەسىھنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى

«ئەگەر تاپىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىزدىشىمىز كېرەك». لېكىن، بىز ئىزدىنىشنى نەدىن باشلىشىمىز كېرەك؟ ئېتىقادچىلارنىڭ شۇنداقلا بىزنىڭمۇ جاۋابىمىز شۇكى، گەپنى تارىختا ئۆتكەن شەخس ناسىرەلىك ئەيسادىن باشلايلى. مانا بۇ بىردىنبىر يول. چۈنكى خۇدانىڭ بىلدۈرۈشى ۋە خۇدانىڭ ھەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھتە تەلتۆكۈس خۇلاسىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ناسىرەلىك ياغاچچىنىڭ ئوغلىنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ياكى ئەمەسلىكى مەسىلىسىدۇر.

بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىزدىنىشىمىزنى ئەيسا مەسىھتىن باشلىشىمىزنىڭ مۇنداق ئىككى مۇھىم سەۋەبى بار. بىرىنچى، ئاساسلىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئېتىقادىمىزنىڭ مەركىزى ئەيسا مەسىھ مەسىھنىڭ ئورنى ۋە خىزمىتى يەنىلا ئېتىقادىمىزنىڭ ئاساسى. ئەگەر ئەيسا مەسىھ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاتىغان سالاھىيىتى ئۆزئارا ماس كەلمىسە، ئەگەر ئۇ ئۆزى قىلغان بۇيرۇقلارنى ئورۇندىيالمىسا، ئېتىقادىمىز غۇلاپ چۈشكەن بولاتتى. ئەگەر مەسىھنى ئېتىقادىمىزدىن ئايرىپ قارىساق، ئېتىقادىمىز خۇددى ئىچكى ئەزالىرى سوغۇرۇۋېلىنغاندەك قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىھ بولسا ئېتىقادىمىزنىڭ مەركىزى، باشقا بارلىق ئامىللار بۇ

مەركەزنى ئاساس قىلىدۇ. بىزنىڭ نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىدىغىنىمىز مەسىھنىڭ پەلسەپىسى ۋە بۇ پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ قىممىتى ۋە ياكى مەسىھنىڭ ئېتىكىسى ئەمەس. بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز ئەيسا مەسىھ. ئەيسا مەسىھنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىدۇر.

ئىككىنچى، ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىساق، قالغان مەسىلىلەر تېز ۋە ئوڭايلا ھەل بولىدۇ. ئەگەر ئەيسا مەسىھ خۇدا بولسا، «خۇدا مەۋجۇتمۇ يوق» ھەم «خۇدانىڭ خاراكتېرى» دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ سىرى ئېچىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى، تەقدىرى، ئاخىرەت مەسىلىسى، «كونا ئەھدە» مەقسىتى ھەم نوپۇزى، شۇنداقلا كرېستنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر جاۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئەيسا مەسىھ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان. ئەگەر ئۇنىڭدا خۇدالىق سالاھىيىتى بولسا، ئۇنىڭ تەلىملىرى ئەلۋەتتە نوپۇزلۇق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىز ئالدى بىلەن ئەيسا مەسىھتىن باشلىنىشى كېرەك. ئەيسا مەسىھنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تۆت خۇش خەۋەر كىتابىنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىش كېرەك.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ يېگانە ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش. ئۇنى پەقەت بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا خۇدا، دەپ ئاتىساق، بۇ ئادەمنى تازا قايىل قىلمايدۇ. ھازىر بىز ئۇنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى. ئىشىنىمىزكى، ئۇنىڭ بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدا، باشقىلاردا كۆرۈلۈپ

باقمىغان بىر خىل مەڭگۈلۈك ۋە «يىلتىزداشلىق» مۇناسىۋەتى بار. بىز ئەيسا مەسىھنى ئادەم سىياقىدا نىقابلانغان خۇدا ياكى خۇدانىڭ ئادەملىشىشى، دەپ قارىمايمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۇ ھەم خۇدا ھەم ئادەم. ئىشەنچىمىز كامىلكى تارىختا ھەقىقەتەن ئۆتكەن بۇ ئەيسا ئاجايىپ ئىككى خىل خاراكتېرگە يەنى ھەم خۇدالىق ھەم ئادەملىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە كەلگۈسىدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان بىر ئىش. شۇڭا، بىز ئەيسا مەسىھكە قايىل بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى مۇزاكىرىمىز ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن بەرگەن گۇۋاھلىقى.
2. ئەيسا مەسىھنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى.
3. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى.

بۇ ئۈچ تەرەپ بىر-بىرىگە ئۆزئارا باغلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئۈچ تەرەپتىن چىقىرىلىدىغان خۇلاسە بىرلا نۇقتىنى مەركەز قىلىدۇ.

ئەيسا مەسىھنى تونۇشتىكى بىرىنچى ئىسپات ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن گۇۋاھلىقىدۇر. چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىز تۆۋەندە بۇنى تۆت نۇقتىغا بۆلۈپ سۆزلەيمىز.

(1) مەسىھنىڭ «ئۆزىنى» مەركەز قىلغان تەلىمى

ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىمىنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ دائىم ئۆزى توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ خۇدا ۋە خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈستىدىمۇ نۇرغۇن قېتىم توختىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەتتا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى «مېنىڭ پادىشاھلىقىم» دەپ ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئېيتىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ پادىشاھلىققا كىرىشى ياكى كىرمەسلىكى ئەيسا مەسىھكە بولغان ئىنكاسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ «ئۆزىنى» مەركەز قىلغان تەلىماتى ئۇنى دۇنيادىكى باشقا دىنلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ياكى خۇدالىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. باشقا دىنىي رەھبەرلەر ئۆزلىرىنى ئانچە ئېتىۋارغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، ئەيسا مەسىھ «ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ». باشقا دىنىنىڭ رەھبەرلىرى: «ئۇ مەن كۆرگەن ھەقىقەت، ئۇنى قوغلىشىڭلار» دەيدۇ. لېكىن، ئەيسا مەسىھ: «مەن ھەقىقەت بولىمەن، سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار» دەيدۇ. باشقا دىنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بۇنداق سۆزنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىرى يوق. بىز ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇساق، ئۇنىڭ بىرىنچى شەخس تىلدا سۆزلىگەن سۆزلىرى دىققىتىمىزنى ئەڭ جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 35-ئايەتتە، مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېدى:

- ھاياتلىق بېرىدىغان نان ئۆزۈمدۇرمەن!

مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنلەر ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ. ماڭا ئېتىقاد قىلغانلار ھېچقاچان ئۇسسىمايدۇ».

«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـ باب، 12ـ ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەزرىتى ئەيسا يەنە كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى:

ـ دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن. ماڭا ئەگەشكەنلەر قاراڭغۇلۇقتا قالمايدۇ. ئەكسىچە ھاياتلىق نۇرىغا ئېرىشىدۇ».

«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11ـ باب، 25ـ، 26ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئىنسانلارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى ۋە ھاياتلىق بەرگۈچى ئۆزۈمدۇرمەن! ... ماڭا ئېتىقاد قىلغان كىشى ئۆلسىمۇ، يەنە ھايات بولىدۇ. ماڭا ئېتىقاد قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەنلەر ئەسلا ئۆلمەيدۇ!»

«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14ـ باب، 6ـ ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا:

ـ يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ».

«مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11ـباب، 28ـ ۋە 29ـئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلار! مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار...»

ھەزرىتى ئەيسانىڭ دەسلەپكى تەلىملىرىدىن خۇلاسىلەنگەن چوڭ سوئال، ھەزرىتى ئەيسانىڭ: «سىلەر مېنى كىم، دەپ ئويلايسىلەر» دېگەن سوئالىدۇر. («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـباب، 29ـئايەت). ئۇ بۇ سوئالنى سوراش ئارقىلىق، «ئاتاڭلار ئىبراھىم مېنىڭ كېلىشىمگە ئىنتىزار بولغان ھەم كەلگەنلىكىمنى ئىشەنچ ئارقىلىق ئالدىنئالا كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولغان» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـباب، 56ـئايەت)، «تەۋرات»تا «مۇسا پەيغەمبەر مەن توغرۇلۇق يازغان» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5ـباب، 46ـئايەت)، ھەتتا، «كونا ئەھدە» چوڭ ئۈچ قىسىم كىتابلىرىدا يەنى «تەۋرات»، «پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى»، «زەبۇر» قاتارلىق كىتابلاردا «مەن توغرۇلۇق يېزىلغان سۆزلەر بار» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24ـباب، 27ـ ۋە 44ـئايەت) دېمەكچى ئىدى.

لۇقا ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆز يۇرتى ناسىرەدىكى ئىبادەتخانىدا «تەۋرات»نى ئوقۇماقچى بولغاندا، بىرىنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىنى بەرگەنلىكىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئايەت

«يەشايا» 61ـباب، 1ـ، 2ـئايەتلىرى بولۇپ، ھەزرىتى ئەيسا بۇنى ئوقۇدى:

> «خۇدانىڭ روھى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا. چۈنكى، ئۇ مېنى كەمبەغەللەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە تاللاپ، كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلدى.
> ئۇ مېنى تۇتقۇنلارغا: ‹ئازاد بولىسىلەر!› دەپ؛ قارىغۇلارغا: ‹كۆرەلەيدىغان بولىسىلەر!› دەپ جاكارلاشقا ئەۋەتتى.
> خۇدا مېنى ئېزىلگەنلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشكە، خۇدانىڭ خەلقىنى قۇتقۇزۇش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشقا ئەۋەتتى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4ـباب، 18ـ ۋە 19ـئايەت).

ھەزرىتى ئەيسا كىتابنى يېپىپ ئىبادەتخانا خىزمەتچىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئولتۇردى. پۈتۈن ئىبادەتخانىدىكىلەر ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشتى. ھەزرىتى ئەيسا كۆپچىلىككە: «سىلەر ئاڭلىغان بۇ ئايەتلەر بۈگۈن مەن ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئىبادەتخانىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇردى.
ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىگە نىسبەتەن مۇشۇنداق قاراشتا ئىكەن، ئۇنىڭ باشقىلارنى چاقىرىپ، ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ چاقىرىقى تەكلىپ ئەمەس، بەلكى بىر «بۇيرۇق»تۇر. ئۇ

مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار»، «ماڭا ئەگىشىڭلار». كىشى ئۇنىڭ يېنىغا بارسىلا، ئۇ ھارغانلارنىڭ يۈكىنى ئېلىۋېتىشكە ئىجازەت بەرگەن («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11-باب، 28-ئايەتتىن 30-ئايەتكىچە). ئاچ قالغانلار تويدۇرۇلدۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 35-ئايەت) ھەمدە ئازاب تارتىۋاتقانلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردۇ. («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 35- ۋە 37-ئايەت). يەنە، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى ھەم ئۇنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ مۇشۇنداق تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. پاۋلۇس، پېترۇس، ياقۇپ، يەھۇدالار ئۆزلىرىنىڭ خەتلىرىدە ئۆزلىرىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ «خىزمەتكارى» دەپ ئاتىغان. ھەتتا ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد ۋە مۇھەببىتىنىڭ ئۆزگەرمەس ئوبيېكتى قىلغان. ئادەملەر خۇداغا ئىشىنىشى كېرەك، لېكىن ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرغان. ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ:

> «خۇدانىڭ خىزمىتى -خۇدانىڭ ئەۋەتكىنىگە ئېتىقاد قىلىشتۇر» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 29-ئايەت).
>
> «خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن بولىدۇ»

(«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3ـ باب، 36ـ ئايەت).

دېمەك، ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى ئىكەن، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك بولسا، چىكىدىن ئاشقان چوڭ گۇناھتۇر. («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـ باب، 24ـ ئايەت ۋە 16ـ باب، 8ـ ۋە 9ـ ئايەت). يەنە كېلىپ پۈتۈن قەلبى، پۈتۈن زېھنى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن خۇدانى سۆيۈش ئەڭ ئالىي بۇيرۇق بىرىنچى بولۇپ، ھەزرىتى ئەيسامۇ كىشىلەردىن قەتئىي ھالدا ئۆزىگە بولغان مۇھەببەتنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

« ئاتا ـ ئانىسىنى مەندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلار مېنىڭ شاگىرتىم بولۇشقا لايىق ئەمەس. پەرزەنتلىرىنى مەندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلارمۇ مېنىڭ شاگىرتىم بولۇشقا لايىق ئەمەس» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10ـ باب، 37ـ ئايەت).

ئەيسا مەسىھ ئىبرانىيلارنىڭ گەۋدىلەندۈرۈپ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەلەپپۇزىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ:

«ماڭا ئەگەشكەنلەر مېنى ئاتا ـ ئانىسى، بالا ـ چاقىسى، ئاكا ـ ئۇكىلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرى، ھەتتا ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز

كۆرمىسە، مېنىڭ شاگىرتىم بولۇشقا لايىق ئەمەس» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14‏ـ باب، 26‏ـ ئايەت) دەيدۇ.

ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ تۈگۈنى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەچكە، ئۆزى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، باشقا بىرىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇ بولسىمۇ مۇقەددەس روھ ئىدى. ئەيسا مەسىھ مۇقەددەس روھنى «ياردەمچى» ياكى «تەسەللى بەرگۈچى» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ بىر قانۇنىي ئىسىم بولۇپ، ئۇ جاۋابكارنى ئاقلايدىغان ئادۋوكات، ئاقلىغۇچى ۋە مەسلىھەتچىدۇر. مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتى بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ئەيسا مەسىھ:

«مەن سىلەرگە ئاتامنىڭ يېنىدىن ياردەمچى يەنى ھەقىقەتكە باشلىغۇچى ـ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى ئەۋەتىمەن. ئۇ ئاتامنىڭ يېنىدىن كېلىپ، ماڭا گۇۋاھلىق بېرىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15‏ـ باب، 26‏ـ ئايەت)،

ھەمدە

«ئۇ مەندە بار بولغاننى سىلەرگە يەتكۈزۈپ، مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇمنى ئايان قىلىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16‏ـ باب، 14‏ـ ئايەت) دەيدۇ.

مۇقەددەس روھنىڭ بۇ دۇنياغا نىسبەتەن گۇۋاھلىقى ۋە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە بولغان ئىلھامى ئەيسا مەسىھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۇ ئالدىن بېشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

> «مەن يەردىن كۆتۈرۈلگىنىمدە پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلىمەن» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12-باب، 32-ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىرىستى بۇ دۇنيا ئادەملىرىنىڭ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ھەممىسىگە بىر خىل ئويغىتىش سۈپىتىدىكى تارتىش كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ. جەلپ قىلىنىدىغان بىرىنچى قەدەم خۇداغا، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە ھەم ھەقىقەتكە ياكى ھەقانىيەتكە ئەمەس، دەل ئەيسا مەسىھكە مۇجەسسەملەنگەن. دېمەك، خۇدانى تونۇپ، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە كىرىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇشىمىز كېرەك.

«ئۆزلۈكنى» مەركەز قىلغان بۇ تەلىمنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك يېرى شۇكى، بۇ تەلىمنى بەرگۈچى باشقىلارغا كەمتەر بولۇش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇ شاگىرتلارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىك قىلىشىنى ئەيىبلەيدۇ.

## (2) بىۋاستە ئاتاش

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ «كونا ئەھدە»دە بېشارەت بېرىلگەن مەسىھنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ كېلىشى تارىختا ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئالدىن ئېيتقان خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۈچۈندۇر.

خۇش خەۋەر كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئوچۇق-ئاشكارا تەلىم بەرگەندە قىلغان بىرىنچى ئېغىز سۆزى: «ۋاقىت يېتىپ كەلدى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى يېقىنلاشتى» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 15-ئايەت) دېگەندىن ئىبارەت بولغان. «يېتىپ كەلدى» دېگەن بۇ سۆز چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى «ئىنسانئوغلى» دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ. بۇ ئاتالغۇ دانىيال پەيغەمبەرنىڭ كۆرگەن ۋەھىيلىرىدىن كېڭىيىپ، كۆپچىلىك قوبۇل قىلغان مەسىھنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان. ئۇ يەنە «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپمۇ چاقىرىلىدۇ. («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 61- ۋە 62-ئايەت). بۇ مەسىھنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىم «زەبۇر» 2-باب، 7-ئايەتتىن ئېلىنغان. ھەزرىتى ئەيسا يەنە خۇدانىڭ «يەشايا» كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تەسۋىرلەنگەن ئازاب تارتىدىغان خىزمەتچىسىنىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرگەن. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى سورىغىنىدا، پېترۇس ئۆزىنىڭ ئەيسا مەسىھكە بولغان

ئېتىقادىنى ئېتىراپ قىلدۇ («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 27-ئايەتتىن 29-ئايەتكىچە). بەزىلەر بەلكىم ھەزرىتى ئەيسانى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرى دەپ قارىشى مۇمكىن، لېكىن سىمون پېترۇس ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىلگىرىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بېشارەت بەرگەن ئاشۇ شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرەلىگەن. ھەزرىتى ئەيسا ھەرگىزمۇ نۇرغۇن يول كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر يول كۆرسەتكۈچى ئەمەس، ئۇ يول كۆرسەتكۈچى كۆرسىتىپ تۇرغان نىشاننىڭ ئۆزىدۇر. ھەزرىتى ئەيسانىڭ قىلغان پۈتكۈل ئىشلىرى ئالدىنقىلارنىڭ قىلغان بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تۈسىنى ئالغان. بىر قېتىم ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا قاراپ، ئاستاغىنە:

« كۆرگەن ئىشلارنى كۆرەلىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن نەقەدەر بەختلىكسىلەر! بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇرۇنقى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار سىلەر كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلارنى كۆرۈشنى ۋە ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، مۇرادىغا يېتەلمىدى» دېگەندى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 23- ۋە 24-ئايەت؛ «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 13-باب، 16- ۋە 17-ئايەتتىن پايدىلىنىڭ).

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى بىز تۆۋەندە كۆرمەكچى بولغان بىۋاستە ئاتىشى، ئۇنىڭ مەسىھلىك سالاھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ

خۇدالىق خاراكتېرىگىمۇ زىچ چىپلاشقان. ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىشى ئۇنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە ھەم مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەتتىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ مۇھىم ئاتىلىشقا نىسبەتەن، بىز تۆۋەندە مىساللارنى كۆرسىتىمىز.

بىرىنچى، ھەزرىتى ئەيسا خۇدانى ئاتام دەپ ئاتاپ، خۇدا بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ تېخى ئون ئىككى ياش ۋاقتىدىلا، خۇدانىڭ ئىشلىرىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن بۇ دۇنيادىكى دادىسى يۈسۈپنى ھەيران قالدۇرغانىدى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2ـباب، 48ـئايەت). ھەزرىتى ئەيسا ئۆز سۆزلىرىدە بىزگە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن:

> «خۇدائاتام تا ھازىرغىچە توختىماستىن ئىش قىلىپ كەلمەكتە، مەنمۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك!» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5ـباب، 17ـئايەت).

> «ئاتام ئىككىمىز ئەسلىدە بىرمىز» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10ـباب، 30ـئايەت).

> «مەن ئاتامدا، ئاتام مەندە» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14ـباب، 10ـ ۋە 11ـئايەت).

دەرۋەقە، ھەزرىتى ئەيسا ئۆز شاگىرتلىرىغا خۇدانى «ئاتىمىز» دەپ ئاتاشنى ئۆگەتكەن، لېكىن مەسىھنىڭ ئوغۇللۇق مەرتىۋىسى بىلەن بىزنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولغانلىقىمىز ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ئۇ خۇدانى «مېنىڭ ئاتام» دەپ ئاتىغان («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 18-باب، 10-،19- ۋە 35-ئايەت؛ 7-باب، 21-ئايەت؛ 20-باب، 23-ئايەت؛ 26-باب، 53-ئايەت). شۇڭا، ئۇ مەجدەللىك مەريەمگە: «سىلەرنىڭمۇ ئاتاڭلار بولغان ئاتامنىڭ، يەنى خۇدايىڭلار بولغان خۇدايىمنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقىمەن» دەيدۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20-باب، 17-ئايەت). يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»دىن ئېلىنغان. «مەتتا بايان قىلغا خۇش خەۋەر» 11-باب، 27-ئايەتتە ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن مۇنداق بىر ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى دەيدۇ:

> «ئاتام ھەممىنى ماڭا تەقدىم قىلدى. مېنى ئاتامدىن باشقا ھېچكىم ھەقىقىي تونۇمايدۇ. ئاتامنىمۇ مەن ۋە مەن ئۆزۈم ئاشكارىلاشنى خالايدىغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ھەقىقىي تونۇمايدۇ».

ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەت ھالىتىدە ئاتىشى، يەھۇدىيلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەندى. ئۇلارنىڭ غەزەپلىنىشىدىكى سەۋەب ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ

ئاتىغانلىقىدا ئىدى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19ـباب، 7ـئايەت). ئۇ خۇدا بىلەن مانا مۇشۇنداق زىچ باغلانغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى خۇداغا بولغان مۇئامىلىسى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن: ئۇنى تونۇغانلىق خۇدانى تونۇغانلىقتۇر («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـباب، 9ـئايەت؛ 14ـباب، 7ـئايەت).
ئۇنى كۆرگەنلىك خۇدانى كۆرگەنلىكتۇر («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12ـباب، 45ـئايەت؛ 14ـباب، 9ـئايەت).

ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىك خۇداغا ئىشەنگەنلىكتۇر («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12ـباب، 44ـئايەت؛ 14ـباب، 1ـئايەت).

ئۇنى قوبۇل قىلغانلىق خۇدانى قوبۇل قىلغانلىقتۇر («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 9ـباب، 37ـئايەت).

ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەنلىك خۇدادىن نەپرەتلەنگەنلىك بىلەن باراۋەر («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15ـباب، 23ـئايەت).

ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىك خۇدانى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5ـباب، 23ـئايەت).

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئىپتقان باياناتى. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى ئىككى قېتىم بىۋاستە تونۇشتۇرغان. بىرىنچى قېتىمقىسى «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-بابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بولۇپ، ئۇ يەھۇدىيلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، قەتئىيلىك بىلەن: «بىلىپ قويۇڭلاركى، مېنىڭ تەلىمىم بويىچە ئىش كۆرگەن كىشى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ» دەيدۇ. بۇ سۆز يەھۇدىيلارنى بەكمۇ بىئارام قىلىدۇ. ئۇلار: «ئەجدادىمىز ئىبراھىم ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆلگەن تۇرسا، سەن قانداقچە ‹تەلىمىم بويىچە ئىش كۆرگەن كىشى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!› دېيەلەيسەن؟ ئەجەبا، سەن ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتىمىز ئىبراھىمدىن ۋە باشقا ۋاپات بولغان پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئۈستۈن تۇرامسەن؟ سەن ئۆزۈڭنى زادى قانداق ئادەم دەپ ھېسابلايسەن؟» دېيىشتى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن: «ئاتاڭلار ئىبراھىم مېنىڭ كېلىشىمگە ئىنتىزار بولغان ھەم كەلگەنلىكىمنى ئىشەنچ ئارقىلىق ئالدىنئالا كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولغان» دېدى. بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار تېخىمۇ قايمۇقۇپ: «سەن تېخى ئەللىك ياشقا كىرمىگەن تۇرۇپ ئەجدادىمىز ئىبراھىمنىمۇ كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەيسا جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان، مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان مۇنۇ سۆزنى قىلدى:

«بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن ئىبراھىم تۇغۇلماستىنلا بار ئىدىم!» («يۇھاننا بايان

قىلغان خۇش خەۋەر» 8‏ـ باب، 51‏ـ ئايەتتىن 58‏ـ ئايەتكىچە).

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار قوللىرىغا تاش ئېلىپ، ئۇنى چالما‏ـ كېسەك قىلماقچى بولدى. بىزگە ئايانكى، كىمكى خۇداغا كۇپۇرلۇق قىلسا، مۇسانىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، چالما‏ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئەيسانى چالما‏ـ كېسەك قىلماقچى بولغىنىدىن ھەزرىتى ئەيسانىڭ كۇپۇرلۇق قىلغان يېرى قايسىدۇ، دەپ ھەيران قالىمىز. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىبراھىمدىن بۇرۇنلا بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە دائىم مەن «ئاسماندىن چۈشتۇم» ھەم ئاتام مېنى «ئەۋەتتى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەزرىتى ئەيسا توغرىسىدا يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. «مەن ئىبراھىم تۇغۇلماستىنلا بار ئىدىم»، بۇ جۈملىگە دىققەت قىلايلى. بۇ جۈملىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى ئۆتكەن زامان شەكلىدە، كېيىنكى بۆلىكى ھازىرقى زامان شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، بۇ جۈملە بىزگە ئەيسا مەسىھنىڭ ئىبراھىمدىن ئىلگىرى ئاللىقاچان بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بۇ جۈملىدە تېخىمۇ چوڭقۇر بىر مەنە بولۇپ، بۇ دەل ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىنىدۇر. مانا مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، يەھۇدىيلار قولىغا تاش ئېلىپ، ئەيسا مەسىھنى چالما‏ـ كېسەك قىلماقچى بولىدۇ.

ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىشىدىكى ئىككىنچى مىسال ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىنكى بىر ئىشتا ئىپادىلىنىدۇ. «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»دە خاتىرىلەنگىنىشىچە، ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، شاگىرتلىرىغا بىر قېتىم كۆرۈنگەن چاغدا، ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىدىن گۇمانلانغان توماسمۇ نەق مەيداندا بار ئىدى. ھەزرىتى ئەيسا توماسنى چاقىرىپ، يارىلىرىنى توماسقا سىلاتقۇزىدۇ. ھاياجانلانغان توماس ئۈنلۈك ئاۋازدا:

«سەن مېنىڭ رەببىم ھەم خۇدايىمسەن!» دەيدۇ. («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20ـ باب، 26ـ ئايەتتىن 29ـ ئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسا بۇ نامنى قوبۇل قىلدى. ھەزرىتى ئەيسا توماسنىڭ ئىشەنمىگەنلىكىنى ئەيىبلىدى، بىراق ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئاتىغىنىنى ئەيىبلىمىدى.

(3) ۋاستىلىق ئاتاش

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىشىدا ۋاستىلىق ئاتاشمۇ خۇددى بىۋاستە ئاتاشتەكلا زور كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ مەنىسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى بىۋاستە بىلدۈرگىنىدەك، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاشتا كۈچلۈك ئىسپات بولالايدۇ. ئۇنىڭ قىلغان نۇرغۇن ئىشلىرىنى پەقەت خۇدانىڭلا قىلىش سالاھىيىتى بار. بىز بۇ يەردە مىسالدىن تۆتنى ئېلىپ سۆزلەيمىز.

بىرىنچى، ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىدە گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئوخشاش بولمىغان ئىككى سورۇندا گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا، زەمبىلدە كۆتۈرۈپ كېلىنگەن بىر پالەچ ئادەم ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا تۈڭلۈكتىن چۈشۈرۈلگەندە، ھەزرىتى ئەيسا بۇ ئادەمنىڭ كېسىلىنىڭ تۈپ يىلتىزىنىڭ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «ئۇكام ، سېنىڭ گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى» دەيدۇ («ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب، 1-ئايەتتىن 12-ئايەتكىچە)، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ سۆزى كۆپچىلىكنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇۋېتىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئىككىنچى قېتىم، چۈشكۈنلەشكەن بىر ئايالنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئەيسا بىر پەرىسىينىڭ ئۆيىدە ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتى، بۇ چاغدا بىر ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆزياشلىرى بىلەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇيدۇ ۋە چاچلىرى بىلەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سۈرتۈپ قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ پۇتلىرىغا سۆيۈپ، ئەتىر سۈركەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا: «گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى» دەيدۇ («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 36-ئايەتتىن 50-ئايەتكىچە). بۇ ئىككى قېتىمقى سورۇندا، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار ھەيران قېلىشىپ: «بۇنداق كۇپۇرلۇق قىلغان كىم ئۇ؟ خۇدادىن باشقا كىممۇ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلالىسۇن؟» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق سوئال

سورىشى ناھايىتى توغرا. بىز باشقىلارنىڭ بىزگە سالغان زىيانلىرىنى كەچۈرۈۋېتەلەيمىز، بىراق پەقەت خۇدالا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ.

ئىككىنچى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق تەقدىم قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىشى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى ۋاستىلىق ھالدا بىلدۈرۈشىدۇر. ئۇ ئۆزىنى «ھاياتلىق بېرىدىغان نان» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 35-ئايەت)، «ھاياتلىق» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 6-ئايەت) دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تىرىلىش ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11-باب، 25-ئايەت). ئۇ ئۆزۈم شىخىنىڭ ئۆزۈم تېلى ئارقىلىق كۆكىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى مىسال قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغۇچىلارنىڭ يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا سامارىيىلىك بىر ئايالغا «ھاياتلىق بېرىدىغان سۇ»نى تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4-باب، 10-ئايەتتىن 15-ئايەتكىچە). شۇنداقلا، ھەم باي ھەم ياش بىر ئەمەلدارغا، ئۆزىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا ئۈندىسىلا، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھاياتنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 17- ۋە 21-ئايەت). ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى پادىچى ئىكەنلىكىنى، قويلىرى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ

(«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10ـ باب، 28ـ ئايەت). شۇنداقلا، ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىگە پۈتكۈل ھوقۇقنى بەرگەنلىكىنى ھەمدە ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەندۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 17ـ باب، 2ـ ئايەت). ئۇ يەنە مۇنداق جاكارلايدۇ: «ئوغۇلمۇ ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5ـ باب، 21ـ ئايەت).

بۇ باياناتلار شۇنچىلىك ئېنىقكى، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىبۇنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ناھايىتى ئېنىق تونۇپ يېتەلىگەن. بۇلار ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان قىلغان. پېترۇس مۇنداق دەيدۇ:

«ئى رەببىم، مەڭگۈ ھاياتلىق بېرىدىغان سۆزلەر پەقەت سىزدىلا تۇرسا، بىز كىمنىڭ يېنىغا كېتەتتۇق؟» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6ـ باب، 68ـ ئايەت).

مەيلى تەن جەھەتتىكى ۋە ياكى روھىي جەھەتتىكى ھاياتلىق بولسۇن بۇ بىر سىر. ئۇنىڭماھىيىتى ۋە مەنبەسىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ ئىلتىپاتى» دېيەلەيمىز، خالاس. بۇ يەردە رەب ئەيسا دەل بۇ ئىلتىپاتنى كۆرستەلەيمەن، دەپ جاكارلاۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، مەسىھ ھەقىقەت تۈغرىسىدا تەلىم بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى ۋاستىلىق بىلدۈرگەن. ئۇ ھەقىقەت توغرىسىدا تەلىم بەرگەندە، ئۇنىڭ كەسكىن ۋە قەتئىيلىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەك

جەلپ قىلىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە دانالىقى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇلار:

«بۇ ئادەم بۇلارنى نەدىن ئۆگەنگەندۇ؟ ئۇنىڭغا بۇنچىۋالا ئەقىل-پاراسەتنى كىم بەرگەندۇ؟ بۇ مۆجىزىلەرنى قانداق يارىتىدىغاندۇ؟ ئۇ پەقەت ئاددىي بىر ياغاچچىغۇ؟ ...» دېيىشتى («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 3-ئايەت).

ھەمدە يەنە ئۇلار:

«بۇ ئادەم ھېچقانداق تەلىم ئالمىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ قانداقمۇ مۇنچە كۆپ بىلىمى بولسۇن؟»دەپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 15-ئايەت)

شۇنداقتىمۇ، ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى يەنىلا ئۇنىڭ ھوقۇقى ئىدى.

«ھېچكىم ھېچقاچان بۇ ئادەمدەك سۆزلىگەن ئەمەس!» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 46-ئايەت).

«ئۇنىڭ تەلىملىرى نوپۇزلۇق ئىدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4-باب، 32-ئايەت).

«ھەزرىتى ئەيسا بۇ سۆزلىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، خالايىق ئۇنىڭ

تەلىملىرىگە ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ تەلىملىرى نوپۇزلۇق ئىدى، تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 28- ۋە 29-ئايىتى).

ئۇنىڭدىكى ھوقۇق تەۋرات موللىلىرىنىڭكىگە ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. تەۋرات موللىلىرى «مۇقەددەس كىتاب»نى ئاساس قىلمىسا، تەلىم بېرەلمەيدۇ. پەيغەمبەرلەرمۇ خۇدانىڭ ھوقۇقى ئارقىلىقلا سۆزلىيەلەيدۇ. لېكىن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ ئۆزىلا ھوقۇق ئىگىسى ئىدى. ئۇ سۆزلىگەندە، «خۇدا سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ» دېمەي، «مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى» دەيتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ تەلىملەرنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، ئۆزىنى ئەۋەتكەن ئاتىسىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 17- ۋە 18-ئايىتى) ئېنىقكى، ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ ۋەھىيسىنىڭ بىۋاستە ناماياندىسى، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىگەندىكى تەلەپپۇزى شۇنچىلىك قەتئىيكى، ئۇ خۇددى ئۆز قەلبىنى سۆزلەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ سۆزلىگەندە ئەزەلدىن ئىككىلەنمەيتتى، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتى، سۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتمەيتتى. ئۇ خۇدانىڭ سۆزلىرىنى سۆزلەيتتى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 34-ئايەت)، ھەرگىز تۇتامسىز سۆزلەرنى قىلمايتتى. ئۇ تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسى توغرىسىدا بېشارەت بېرەتتى. ئۇ ئەخلاق

توغرىسىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان نەسىھەتلەرنى قىلغان. مەسىلەن، «دۈشمىنىڭلارنى سۆيۈڭلار» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 44-ئايەت ۋە «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 27-ئايەت)، «ئەتە ئۈچۈن قايغۇرماڭلار» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 34-ئايەت)، «باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارماڭلار، شۇنىڭدىلا سىلەرمۇ ھۆكۈمگە ئۇچرىمايسىلەر» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 1-ئايەت) قاتارلىقلار. ئۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋەدىلەرنى بېرەتتى. ئۇنىڭدا قىلچىمۇ تەشۋىشلىنىش يوق ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر تىلىسەڭلار، چوقۇم بېرىلىدۇ» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 7-ئايەت ۋە «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11-باب، 9-ئايەت). ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى خۇددى قانۇنغا ئوخشاش ئۆزگەرمەيدۇ، مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، دەيدۇ («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 13-باب، 31-ئايەت ۋە «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 18-ئايەتتىن پايدىلىنىڭ). ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، خۇددى ئىسرائىللارنىڭ تەقدىرىنىڭ خۇدانىڭ سۆزىگە بولغان ئىنكاسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگىنىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭمۇ تەقدىرىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىگە بولغان ئىنكاسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 24- ۋە 27-ئايەت ۋە «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12-باب، 48-ئايەت).

تۆتىنچى، ئۇنىڭ دۇنيانى سوراققا تارتىشى ئۇنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ۋاستىلىق ئىپادىسى. ئۇ بىر قانچە تەمسىللەردە، ئۆزىنىڭ زامان ئاخىرى قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5ـ باب، 28ـ ۋە 29ـ ئايەت). ھەممە ئادەملەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شانۇسۆۋكەتلىك تەختىدە ئولتۇرىدۇ، ئاتىسى سوراققا تارتىشنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5ـ باب، 22ـ ئايەت). ئۇ خۇددى پادىچى قوي بىلەن ئۆچكىنى ئايرىغاندەك، ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئايرىپ چىقىدۇ. بەزى ئادەملەر دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان پادىشاھلىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. بەزى ئادەملەر قورقۇنچلۇق سوراققا ئۇچرايدۇ. «ئەي لەنىتىلەر، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار! شەيتان بىلەن ئۇنىڭ غالچىلىرىغا ھازىرلانغان مەڭگۈ ئۆچمەس دوزاخ ئوتىغا كىرىڭلار!» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 25ـ باب، 41ـ ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسا سوراقچى بولۇپلا قالماستىن، سوراقنىڭ ئۆلچىمىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ قېرىندىشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى («ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3ـ باب، 35ـ ئايەت)، ھەم كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە بولغان ئىنكاسىغا قارىلىدۇ. («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12ـ باب، 47ـ ۋە

48-ئايەت). ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئېتىراپ قىلغانلارنى ئاتىسىنىڭ ئالدىدىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلمىغانلارنى ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلمايدۇ («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 32- ۋە 33-ئايەت). ھەزرىتى ئەيسا «مەن سىلەرنى تونۇمايمەن» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 23-ئايەت) دېسىلا، بۇ سۆز زامان ئاخىرىدا كىشىلەرنى جەننەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا يېتەرلىك. ھەزرىتى ئەيسادىن بۆلەك ھېچكىم بۇنداق سۆزلەپ باقمىغان. ئويلاپ كۆرۈڭ، ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى: «سىلەر مېنىڭ سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار، سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك تەقدىرىڭلار مۇشۇ سۆزلىرىم ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ، مەن زامان ئاخىرىدا كېلىپ، سىلەرنى سوراققا تارتىمەن، سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلار ماڭا بويسۇنۇش ياكى بويسۇنماسلىقىڭلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دېسە، مۇنداق خۇش خەۋەر تارقاتقۇچى روھىي كېسەللەر دوختۇرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىشى مۇمكىن.

### (4) مۆجىزىلىك ئاتاش

بىزنىڭ ھازىر ئويلىشىدىغىنىمىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىدۇر. بۇنى بىز بۇ يەردە كومېدىيىلىك ئۆزىنى ئاتاش، دەپ ئاتايمىز. بىز بۇ يەردە مۆجىزىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمىز. بىز پەقەت ھەزرىتى ئەيسا

كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنىڭ قىممىتىنىڭ ۋە بۇ مۆجىزىلەرنىڭ روھقا ئالاقىدار مەنىسىنىڭ مۆجىزىلەرنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىش ئالاھىدىلىكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز. بۇ مۆجىزىلەر «ئاجايىپ ئىش» بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ بىر «بەلگە»دۇر. ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۆجىزە كۆرسىتىشى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ياكى بۇ ئۇنىڭ قىزىقچىلىق قىلغىنىمۇ ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ بىر خىل ھوقۇقنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ مۆجىزىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەرىكەت ئارقىلىق «مەسەل» سۆزلىگىنىدۇر. مۆجىزىلەر ھەزرىتى ئەيساغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى بىزگە ئەمەلىيەت ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ. يۇھاننا بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەچكە، ھەزرىتى ئەيسانىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىدىن ئالتە، يەتتىنى تاللاپ، ئۆزى يازغان خۇش خەۋەرنىڭ ئاساسى قىلغان («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20-باب، 30- ۋە 31-ئايەت ). ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەلىلىيە ئۆلكىسىنىڭ كانا يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر تويدا سۇنى شارابقا ئايلاندۇرۇشى ئۇنىڭ تۇنجى مۆجىزىسىدۇر. بۇ مۆجىزە قارىماققا ئانچە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يوق مۆجىزىدەك كۆرۈنىدۇ. بۇ مۆجىزىنىڭ مەنىسى يوشۇرۇندۇر. يۇھاننا بىزگە ئاشۇ تىزىپ قويۇلغان تاش كۈپلەرنىڭ «يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي پاكلىنىش ئادىتى ئۈچۈن» تىزىپ قويۇلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب، 6-ئايەت). مانا بۇ بىزنىڭ بۇ مۆجىزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىزدىكى يىپ ئۇچى. بۇ يەردىكى سۇ كونا دىنغا

ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ خۇددى تۆتىنچى بابتا تىلغا ئېلىنغان ياقۇپنىڭ قۇدۇقىدەك، «كونا ئەھدە» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شاراب، ئەيسا مەسىھ بەرپا قىلغان يېڭى ئېتىقادقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا سۇنى قانداق قىلىپ شارابقا ئايلاندۇرغان بولسا، خۇش خەۋەرمۇ ئوخشاشلا قانۇننىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ مۆجىزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ يېڭى تۈزۈم ئورنىتىشقا تامامەن سالاھىيەتلىك ئىكەنلىكىنى دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئۇ خۇددى سامارىيىلىك ئايالغا: «مەن ...دەل ئۇ بولىمەن» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4ـباب، 26ـئايەت) دېگەندەك، ئۇ دەل مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇنىڭ بەش مىڭ ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇشى «ئۇنىڭ ئىنسانلارنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغانلىقىنى» نامايان قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ھاياتلىق بېرىدىغان نان مەن ئۆزۈمدۇرمەن» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6ـباب، 35ـئايەت).

ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـباب، 12ـئايەت).

كېيىن ئۇ يەنە تۇغما قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. ئۇ قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچقانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇ بۇ دۇنيا

كىشىلەرنىڭمۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇلارنى خۇدانى تونۇشقا ۋە خۇدانى كۆرۈشكە يېتەكلەيدۇ. ئۇ ئاخىردا ئۆلگىلى تۆت كۈن بولغان لازارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ ھەمدە مۇنداق جاكارلايدۇ:

«تىرىلىش ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن»
(«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»
11-باب، 25-ئايەت).

ئۇنىڭ ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرۈشى بىر سىمۋولدۇر. بىزنىڭ جىسمانىي ھاياتىمىز روھىمىزنىڭ سىمۋولى، مەسىھ بولسا ئېتىقادچىلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنىڭ ھەم ئاخىرەتتىكى تىرىلىشىنىڭ سىمۋولى. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزگە قالدۇرغان مەسەللىرىدۇر. چۈنكى، ئىنسانلار روھىي جەھەتتە ئاچ، قارىغۇ ۋە ئۆلگەن بولىدۇ. پەقەت مەسىھلا ئۇلارنىڭ ئاچلىقىنى تويدۇرالايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئويغىتالايدۇ.

## خۇلاسە

يۇقىرىقىدەك ئاتىلىشلارنى ناسىرەلىك ئەيسانىڭ تەلىملىرى ئىچىدىن چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس. بىز ئۇنى دىن تارقاتقۇچىلار تاپقان گەپلەر، دەپ ئېيتالمايمىز. بۇ تەلىملەر ھەرقايسى خۇش خەۋەر كىتابلىرىدا ئوخشاش بولۇپ، بىر-بىرىگە ماس كېلىدۇ.

بۇلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئاتىلىشلار ھەقىقەتەن ئەمەلىيەت. ئەگەر بىز بۇ ئاتىلىشلارنى يالغان ۋە ئويدۇرۇلغانغا چىقارساق، بىز ئۇنىڭ خاتا كەتكەن يېرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئەگەر ھەزرىتى ئەيسا بۇ نۇقتىدا خاتالاشسا، بىز ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۇلۇغ ئۇستاز، دەپ قارىمىغان بولاتتۇق. نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر ھەزرىتى ئەيسادا بىر خىل چۈشىنىكسىز «چوڭچىلىق سەۋداسى» مەۋجۇت، بۇ ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەجەبا، ھەزرىتى ئەيسا بىر ئالدامچىمۇ؟ ئۇ ئۆزىدە يوق ھوقۇقنى پەش قىلدىمۇ؟ بۇنداق قاراشلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ساختا ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئۆزى ساختىلىقنى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ خاراكتېرىمۇ ئۇنىڭ بۇ خىل ئاتىلىشلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمدى بىز ئۇنىڭ خاراكتېرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا داۋاملىق ئىزدىنەيلى.

3

# مەسىھنىڭ خاراكتېرى

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، مەن بىلەن بىرلا قېتىم كۆرۈشكەن بىر ياش يىگىتنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە: «مەن بىر نەرسىنى بايقىدىم. قۇدرەتلىك خۇدانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھ كىچىكى مەن ئىكەنمەن». دېيىلىپتۇ. مەن خەتنىڭ ئادرېسىغا قارىسام، بۇ خەت ئەسلىدە روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدىن كەلگەنىكەن.

تارىختىن بۇيان، ئۆزىنى ئۇلۇغ كۆرسەتكەن ۋە ئۆزىنى خۇدا، دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر ئاز ئەمەس. روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنى دەل ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدىغان بىر توپ بىچارىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى پادىشاھ قەيسەر دەپ ئاتىۋالسا، بەزىلىرى ئۆزىنى دۆلەتنىڭ ۋەزىرى، يەنە بەزىلىرى ئۆزىنى ياپونىيىنىڭ ساماۋى پادىشاھى، ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنى ئەيسا مەسىھ، دەپ ئاتىۋالىدۇ. لېكىن، ئۇلارغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئەگەشكۈچىلىرى يوق، ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇلار ئاشۇ ساراڭلاردىن باشقىسى ئەمەس. ئۇلار ھېچكىمنى بويسۇندۇرالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىيەلمەيدۇ.

ئېتىقادچىلارنىڭ ئەيسا مەسىھكە بولغان ئىشەنچى دەل مەسىھنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولغانلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا قىلچىمۇ زىددىيەت يوق. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتاپ، جاھاننى زىلزىلىگە سېلىشى چوقۇم ئۇنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىپ تامغىلىنىشى كېرەك. بىز ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن خاراكتېرنىڭ دەل ئاشۇنداق خاراكتېر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. بىلىشىمىز كېرەككى، پەقەت ئۇنىڭ خاراكتېرىلا ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا، دەپ ئاتىشىغا تېخى يېتەرلىك ئىسپات بولالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى بۇ خىل ئاتاشنى كۈچلۈك تەرىزدە قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇنداق ئاتىشى يېگانىدۇر. ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ يېگانىدۇر.

مۇنداق ئاتاشنىڭ مۇھىملىقى ناھايىتىمۇ ئېنىق بولۇشى كېرەك. گۇناھ ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كېسەللىكىدۇر. ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا گۇناھ تەرىپىدىن بۇلغىنىدۇ. شۇڭا، ئەگەر ناسىرەلىك ئەيسانىڭ گۇناھى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ئادەتتىكى ئادەم بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ گۇناھى بولمىسا، ئۇ سىز بىلەن ماڭا تەبىئىي ھالدا ئوخشىمايدۇ. ئۇ خىسلەتلىكتۇر. «ئۇنىڭ خاراكتېرى مۆجىزىنىڭ ئىچىدىكى مۆجىزىدۇر». پروفېسسور دېننىي ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تېئولوگىيە تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئەيسا بىلەن گۇناھكار ئادەملەر تامامەن پەرقلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس،

بەلكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك چوڭ ئىشتۇر. مانا بۇ قۇتقۇزغۇچى بولۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى ھەم مەسىھنىڭ ئاساسلىق پەزىلەت، ئەگەر بۇ ھازىرلانمىسا، ئۇ قۇتقۇزغۇچىلىق سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ، نەتىجىدە ئۇمۇ كۆپچىلىككە ئوخشاش قۇتقۇزۇلۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ».

ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھسىزلىق خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدىن چۈشەندۈرسەك، بۇ بىزنىڭ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىزغا پايدىلىق.

(1) مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ پاك ۋە قۇسۇرسىزلىقىنى بىرنەچچە قېتىم بىۋاستە ئىپادىلىگەن. زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان بىر ئايال باشقىلار تەرىپىدىن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن چاغدا، ھەزرىتى ئەيسا ئەرز قىلىپ كەلگۈچىلەرنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئاراڭلاردىكى گۇناھسىز كىشى بۇ ئايالغا بىرىنچى تاشنى ئاتسۇن». شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرلەپ چىقىپ كېتىدۇ. بىرمۇ ئادەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 1-ئايەتتىن 11-ئايەتكىچە). يۇھاننا مۇشۇ بابتا يەنە ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئېيتقان بىر سۆزىنى خاتىرىلىگەن:

«قايسىڭلار مېنىڭ گۇناھىم بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيسىلەر، قېنى؟» (46-ئايەت).

بۇ چاغدا ھېچكىم جاۋاب قايتۇرالمايدۇ. ئەيسا ئۇلارنى ئەيىبلىگەندە، ھەممىسى قېچىپ كېتىدۇ، ئۇلارغا گۇناھىمنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار، دەپ تەكلىپ بەرگەندە، ئۇلارمۇ ھېچنېمە دېيەلمەي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار ئىدى. ئۇنىڭ بولسا قىلچىمۇ گۇناھى يوق ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ ياشىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ھەمىشە ئۇنى خۇش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن» (29-ئايەت).

بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق سۇنئىيلىكى يوق بولۇپ، شۇنداق تەبئىي ئېيتىلغان، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ياسالمىلىق يوق.

شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ تەلىملىرىنىڭ ماھىيىتى ئۇنى ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلغان. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزگىچىلىكى ناھايىتى تەبئىي بولۇپ، ئۇ باشقىلارنى قەستەن ئۆلگە قىلغان ئەمەس. بىز ئازغان قوي بولساق ئۇ خۇدا تەرىپىدىن ئازغان قويلارنى ئىزدەشكە ۋە قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن پادىچى. بىز ھەممىمىز گۇناھ كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋالغۇچىلار بولساق، ئۇ بىزنى داۋالايدىغان دوختۇر. بىز گۇناھ ۋە ئەقىلسىزلىكنىڭ قاراڭغۇ ئاسارىتى ئاستىدا قالغۇچىلار، لېكىن ئۇ دۇنيانىڭ نۇرى. بىز گۇناھكارمىز، ئۇ بولسا بۇ دۇنياغا كېلىپ، بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىز بولدى ھەم بىز

ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، ئۆز قېنىنى ئاققۇزۇپ، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلدى. بىز ئاچ قالغاندۇق، ئۇ ھاياتلىقنىڭ نېنى بولدى. بىز گۇناھ ئىلكىدە ئۆلگەندۇق، ئۇ بىزنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ھاياتىمىز ۋە ئاخىرەتتىكى تىرىلىشىمىز بولدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى قىلچىمۇ ياسالمىلىق قىلماي بايان قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى ئويغىتىش ۋە بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

شۇڭا، بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ سىناقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، قىلچە گۇناھ ئۆتكۈزمىگەنلىكىدىن ئەجەبلەنمەيمىز. ئۇنىڭدا ئەزەلدىن گۇناھنى تونۇش ياكى گۇناھى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئەكسىچە ئۇ شاگىرتلىرىغا مۇشۇنداق قىلىشنى تاپىلايتتى. ئۇ مەغلۇبىيەت ئالدىدا قىلچىمۇ چۈشكۈنلەشمىگەن . ئۇنىڭ قوبۇل قىلغان چۆمۈلۈشى دەرۋەقە يەھيانىڭ «توۋا قىلدۇرۇش چۆمۈلدۈرۈلۈشى»، لېكىن يەھيامۇ مەسىھنى چۆمۈلدۈرۈشنىڭ ئالدىدا ئىككىلەنگەندى. چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلىشى ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئەمەس («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 15-ئايەت). شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ گۇناھىغا ئاتىدى.

بىزنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەخلاق جەھەتتە ئۆزگە بولغان رازىمەنلىكىگە ۋە خۇدا بىلەن بولغان تۇسالغۇسىز

ئالاقىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن، ھەزرىتى ئەيسا ناھايىتى ئۆتكۈر ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە. «ئۇ ئۆزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلەتتى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2- باب، 25-ئايەت). خۇش خەۋەر كىتابلىرىدىمۇ ئۇنىڭ كۆپچىلىكنىڭ قەلبىدىكى مەسىلىلەرنى ۋە گۇمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن پەرىسىيلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلايتتى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى يامان كۆرەتتى. ھەزرىتى ئەيسا پەرىسىيلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا-قازالارنى كۈچلۈك تەرزدە جاكارلىغانىدى. ئەيسا ساختىلىقنى ۋە ياسالمىلىقنى بەكمۇ ئۆچ كۆرەتتى. دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ ھەممىنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇنىڭ پاكلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ پاكلىقىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىككىنچى سەۋەبى شۇكى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى شاگىرتلىرىنىڭ ۋە مىستىتسىزمچىلارنىڭ تەجرىبىلىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئېتىقادچىلار بىلىدۇكى، ئۇلار خۇداغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ شۇنچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئالىملارغا ئاز-تولا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئالىملار ئۆز بايقاشلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ سىرلارنىڭ ئۇلارنىڭ بايقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئېتىقادچىلار تۇرمۇشتا ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش

ياشىغانسېرى، ئۆزلىرى بىلەن غايىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ زورلۇقىنى كۆرۈۋالالايدۇ. ۋەھالەنكى، ئەيسا مەسىھ خۇدانى ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ بەكرەك يېقىنلىشىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى گۇناھ سەۋەبىدىن ئەيىبلەپ باققان ئەمەس.

## (2) مەسىھنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆز قارىشى

بىز يۇقىرىدا ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇددى ئۆزىنىڭ مەسىھ ۋە خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمىگىنىدەك، ئۆزىنىڭ گۇناھتىن ساقىت ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتۇق. ئۇنىڭ بۇ ئىككى جەھەتتە خاتالىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارمىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ پىكرى قانداق؟ ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىگە بولغان كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلامدۇ-قىلمامدۇ؟

بەزىلەر بەلكىم مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە قايىل قىلالمايدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. بەزىلەر ھەتتا ئۇلاردا يان بېسىش ھېسسىياتى بار، دەپ تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ ھەمدە ئۇلار ئەيسانى ئۇنىڭ ئۆزىدە بولمىغان نەرسىلەر بىلەن قەستەن پەدازلاپ كۆرسىتىۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇنداق قاراشلار شاگىرتلار ئۈچۈن چوڭ تۆھمەتتۇر. بىز شاگىرتلارنىڭ سۆزلىرىگە سەل قارىساق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىق سۆزلىرىگە خاتىرجەم ئىشىنەلىشىمىزدە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە سەۋەبلەر بار.

بىرىنچىدىن، ئۇلار ھەزرىتى ئەيسا بىلەن جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈپ، ئۈچ يىلنى بىرگە ئۆتكۈزگەن.

ئىككىنچىدىن، ئۇلار يەھۇدىي. ئۇلارنىڭ كاللىسى كىچىكىدىن تارتىپلا «كونا ئەھدە»نىڭ تەلىملىرى بىلەن تويۇپ كەتكەن. ئۇلار «كونا ئەھدە»دىكى بىر نۇقتىنى يەنى ئىنسانلارنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىگە سەل قارىمايدۇ.

> «بىز ھەممىمىز خۇددى ئازغان قويدەك يولدىن چەتنىدۇق» («يەشايا» 53ـباب، 6ـئايەت).

> «پاك ئادەم يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوق» («زەبۇر» 14ـباب، 3ـئايەت).

بۇ تەلىم ئۇلارغا ياد بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلار بىراۋنى ئاسانلىقچە گۇناھسىز، دەپ قارىمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، شاگىرتلارنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ گۇناھسىزلىقى ھەققىدىكى گۇۋاھلىقى ۋاستىلىق بولۇپ، بۇ تېخىمۇ ئىشەنچلىك. ئۇلار: «ھەزرىتى ئەيسا گۇناھسىز» دەپ بىۋاستە ئېيتمىغان. ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرى خۇددى ئويۇن كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلارغا قارىتىپ سۆزلەشكە ئوخشايدۇ. ئۇلار باشقا تېمىلار ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشقان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن.

ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. پېترۇس ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئەيسانى: «كەم ـ كۈتىسىز قوزا» دەپ ئاتىغان. («پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 1ـباب، 19ـئايەت)، ئارقىدىنلا ئۇنى يەنە: «ئۇ گۇناھ

قىلمىغان، ئاغزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ ھىيلە-مىكىرلىك سۆز چىقمىغان» («پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 2-باب، 22-ئايەت) دەيدۇ. يۇھاننا ئۆزىنىڭ بىرىنچى خېتىدە بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئەگەر ئۆزىمىزنى گۇناھسىز دېسەك، ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالدىغانلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1-باب، 8-ئايەتتىن 10-ئايەتكىچە). ئۇ ئەيسا مەسىھ ھەققىدە توختالغاندا، ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلارنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىدە گۇناھ يوقلۇقىنى قەيت قىلغان («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 3-باب، 5-ئايەت). پېترۇس ۋە يۇھاننانىڭ گۇۋاھلىقىدىن سىرت يەنە پاۋلۇسنىڭ ۋە «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» ئاپتورىنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ بار. پاۋلۇس ھەزرىتى ئەيسانى «ئاشۇ گۇناھسىز بولغان ...» دەيدۇ («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» 5-باب، 21-ئايەت). ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەتتە ھەزرىتى ئەيسا: «مۇقەددەس، قۇسۇرسىز...» دەپ ئاتىلىدۇ («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 7-باب، 26-ئايەت). «ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ھەر خىل سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، لېكىن گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغاندۇر» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 4-باب، 15-ئايەت).

## (3) مەسىھكە دۈشمەنلىك قىلغانلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى

بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقايلى. ئۇلار ھەزرىتى ئەيساغا ئۆچ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ يان بېسىش يوق. بىز خۇش خەۋەر كىتابلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ «ھەزرىتى ئەيسانى پايلاپ» يۈرگەنلىكىنى بايقايمىز («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 2-ئايەت). ئۇلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلايتتى («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12-باب، 13-ئايەت). بىزگە مەلۇمكى، ئەگەر بەس-مۇنازىرىدە تولۇق ئاساسلار بىلەن غەلىبە قىلىنمىسا، مۇنازىرە ئاسانلا قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. يېتەرلىك ئاساس بولمىسا، تۆھمەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. كىشىلىك دۇنيادىكى ئەھۋال مانا مۇشۇنداق. ھەزرىتى ئەيساغا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارمۇ شۇنداق ئىدى.

«ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نىڭ 2-باب 1-ئايىتىدىن 3-باب 6-ئايىتىگىچە ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا تۆت قېتىم ھۇجۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇلار بىرىنچى شىكايىتىدە ھەزرىتى ئەيسانى كۇپۇرلۇق قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. ھەزرىتى ئەيسا بىر ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغۇدى، ئۇلار ئۇنى خۇدانىڭ ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق،

چىكىدىن ئاشقان كۆپۈرلۈق دېيىشتى. ئۇلار ئىككىنچى شىكايىتىدە ھەزرىتى ئەيسانى يامان ئادەملەر بىلەن ھەمداستىخان بولدى، دەپ ئەيىبلەشتى. ئۇ گۇناھكارلار بىلەن دوست بولدى. باجگىرلار بىلەن بىللە تاماق يېدى، پاھىشىلەرگە بىۋاستە تەلىم-تەربىيە بەردى. ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇنداق قىلىشىنى چۈشىنەلمىگەنىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇنداق سورۇنلارغا داخىل بولۇشنى ناپاكلىق، دەپ قارايتتى. لېكىن، ھەزرىتى ئەيسا ئەكسىچە گۇناھكارلارنى دوست تۇتتى. مۇنداق ئىلتىپات ۋە مۇلايىملىقنى پەرىسىيلەر ئەسلا قىزىقمايتتى.

ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى شىكايىتى ئۇنىڭ پەرىسىيلەردەك روزا تۇتمايدىغانلىقىغا، ھەتتا ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە يەھيانىڭ مۇرىتلىرىچىلىكمۇ ئاساسلىقىدا قارىتىلغانىدى («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11-باب، 19-ئايەت).

تۆتىنچىدىن، ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ دەم ئېلىش كۈنىنىڭ قائىدىسىگە قايتا-قايتا خىلاپلىق قىلغىنىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ دەم ئېلىش كۈنى كېسەللەرنى ساقايتقانىدى، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دەم ئېلىش كۈنىدە ئېتىزلىقتىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، بۇغداي باشاقلىرىنى يېگەنىدى. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىسىدە قاتتىق چەكلىنەتتى. شۈبھىسىزكى، ھېچكىم ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۇقەددەس قانۇنغا بولغان ھۆرمىتىدىن گۇمانلانمايدۇ. ئۇ قانۇنغا بويسۇنىدۇ ھەمدە مۇنازىرىلەردىكى رەقىبلىرىنىڭ ئالدىدا مۇقەددەس قانۇننى ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ

ئۆلچىمى، دەپ ئاتىغان. ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ دەم ئىلىش كۈنىنى ئىنسانلارغا ياخشى بولسۇن ئۈچۈن بېكىتكەنلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن، ئۇ «دەم ئېلىش كۈنىنىڭ ئىگىسى»، ئۇ كىشىلەر ساختىلاشتۇرۇۋەتكەن ئەنئەنىنى تاشلىۋېتىپ، مۇقەددەس قانۇننى توغرا چۈشەندۈرۈشكە ھوقۇقلۇقتۇر.

لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانى تۇتۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشتا، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن قۇسۇر تاپالماي، ئۇنىڭغا سىياسىي جەھەتتىن بەتنام چاپلاشتى. شۇڭا، پىلاتۇسمۇ ئۇنى سوراق قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. شۇنداقلا، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قولىنى يۇيۇپ تۇرۇپ: «بۇ ئادەمنىڭ قېنىغا مەن جاۋابكار ئەمەس» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 27ـ باب، 24ـ ئايەت) دېگەنىدى. پادىشاھ ھىرودمۇ ئۇنىڭدىن گۇناھ تاپالمىغانىدى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 23ـ باب، 15ـ ئايەت). ھەزرىتى ئەيسانى ساتقان يەھۇدا ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە روھانىيلارغا تاشلاپ بېرىپ: «مەن بىگۇناھ بىر جانغا زامىن بولۇپ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم» دېدى («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 27ـ باب، 3ـ، 4ـ ئايەت). كرېست ئۈستىدە توۋا قىلغان جىنايەتچى ھەزرىتى ئەيسانى مازاق قىلغان يەنە بىر جىنايەتچىنى ئەيىبلەپ: «ئۇ ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغانغۇ!» دېدى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 23ـ باب، 41ـ ئايەت). ئاخىردا ئۇ يەردە ھەزرىتى ئەيسانىڭ چاپا تارتقانلىقىنى ۋە

ئۆلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يۈز بېشى: «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن دۇرۇس ئادەم ئىكەن!» دەپ خۇدانى مەدھىيىلىدى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 23ـ باب، 47ـ ئايەت).

## (4) بىزنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا بولغان باھايىمىز

دەرۋەقە ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ خاراكتېرىگە نىسبەتەن باشقىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن سىرت، ئۆزىمىزنىڭمۇ باھايىمىز بولۇشى كېرەك.

بىزنىڭ باھالاش ئېلىپ بېرىشىمىزغا نۇرغۇن ماتېرىياللار ياردەم بېرەلەيدۇ. خۇش خەۋەر كىتابلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئىشلار ناھايىتى تەلتۆكۈس. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىگىنى ئۇنىڭ ئۈچ يىللىق ئوچۇق-ئاشكارا خىزمىتى بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭ باللىق چاغلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، لۇقا ئۇنىڭ باللىق چاغلىرىنى ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىپ، مۇنداق يازىدۇ:

> «ھەزرىتى ئەيسا چوڭ بولغانسېرى، ساغلام ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇپ يېتىشتى. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىمۇ ئۇنىڭغا يار بولۇپ كەلدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2ـ باب، 40ـ ئايەت)

> «شۇنداق قىلىپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بوي-تۇرقى ۋە ئەقىل-پاراستى يېتىلىپ،

خۇدانىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان
بولدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»
2ـباب، 52ـئايەت).

بىز ئۇنىڭ بەزىدە شاگىرتلىرى بىلەن جىمجىت جايلارغا بارغانلىقىنى ھەم بەزىدە ئۇنىڭ ئادەملەر توپىغا قېتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز جەلىلىيىدە ئاممىنىڭ ئۇنىڭغا خۇددى قەھرىمانغا چوقۇنغاندەك چوقۇنۇپ، ھەتتا ئۇنى پادىشاھ قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرىمىز. كېيىن بىز يەنە ئۇنىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدا پەرىسىيلەر ۋە سادۇقىيلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىك سوئاللىرىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەيلى ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، زەپەر قۇچقاندا بولسۇن، مەيلى ئۇ بىزار قىلىدىغان ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالسۇن، ئۇ يەنىلا ئۇ ئىدى. ئۇ ئۆزگەرمەي، ئۇ مەڭگۈ قەدد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

تۆت خۇش خەۋەر كىتابلىرىدىكى تەسۋىرلەر بىر بىرىگە شۇنداق ئوخشايدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ نىيىتى بەكلا دۇرۇس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەتكۈزگەنلىرىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ بىنورمال ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭدا ھەم خۇدالىق خاراكتېر، ھەم ئادەملىك خاراكتېر بار. ئۇنىڭ چارچىغان چاغلىرىمۇ بولغان. ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش تاماق يېگەن، ئۇخلىغان، ئۇنىڭدا نورمال ئادەملەردىكىدەك ھېسسىيات، خۇشاللىق، غەزەپ، مۇھەببىتى بولغان. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدا

ئادەملىك خاراكتېرى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ پەقەتلا ئادەملا ئەمەس.

ئەڭ ئالاھىدە بولغىنى ئۇ شەخسىيەتچى ئەمەس. ئۇ گەرچە ئۆزىنى خۇدا، دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئۆز بېشىمچى ۋە زالىم ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەمىشە كىچىك پېئىللىق كۆرسەتتى.

بۇ ئادەمنى گاڭگىرىتىدىغان زىددىيەت ئەمەسمۇ؟ ئۇ تەلىم جەھەتتە «ئۆزىنى» مەركەز قىلاتتى، ھەرىكەت جەھەتتە بولسا «ئۆزىنى» باشقىلارغا ئاتايتتى. ئۇ ئۆزى پۈتكۈل كائىناتنىڭ خوجايىنى بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ خىزمەتكارى بولدى. ئۇ بۇ دۇنيانى سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىيۇ، ئۆزى شاگىرتلىرىنىڭ پۇتىنى يۇدى.

ھېچكىممۇ ھەزرىتى ئەيسادەك قۇربان بېرىپ باقمىغان. ئۇ جەننەتتىكى خۇشاللىقىنى تاشلاپ، بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ قايغۇسىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئۇ ئىنسانلارنى مەڭگۈلۈك كەچۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆمۈر بويى جاپا-مۇشەققەت تارتتى. ئۇ بەيتلەھەمدەك نامرات بىر يېزىدا دۇنياغا كېلىپ، ئاتا ئوقۇرنى كارىۋات قىلدى. ئۇنىڭ ئاپىسى نامرات بىر ئىبرانىي ئايال ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مىسىردا يوشۇرۇندى. كېيىن ئۇ نامى ئانچە چىقمىغان ناسىرەدە چوڭ بولدى ئۇنىڭ تەرلىرى ياغاچچىنىڭ رەندىسىنى ھۆل قىلدى. شۇنداقلا، ئۇ ئاپىسى ھەم قېرىنداشلىرىنى باقتى. ۋاقىت-سائەتنى توشقاندا، ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، سىرتلاردا خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

ئۇ ساددا بېلىقچىلار ۋە كىشلەر ياقتۇرمايدىغان باجگىرلار بىلەن دوست بولدى. ئۇ ماخاۋ كېسەللىرىگە قولىنى تەگكۈزۈپ، ئۇلارنى ساقايتتى ھەم پاھىشىلەرگە تەلىم-تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزگەرتتى. ئۇ كېسەللەرنى ساقايتىش، باشقىلارغا ياردەم ۋە تەلىم بېرىش ھەمدە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى رەت قىلدى، دوستلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلدى. ئۇ تاياق يېدى، يۈزىگە تۈكۈرۈلدى، بېشىغا تىكەندىن ياسالغان تاج كىيدۈرۈلدى، پۇت-قوللىرى كرېستكە مىخلاندى. رەھىمسىز ئۇزۇن مىخلار ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تېشىپ ئۆتكەندىمۇ، ئۇ ئۆزىنى قىيناۋاتقانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ: «ئەي ئاتا، ئۇلارنى كەچۈر، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» دېدى. بۇنداق ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس. ھەممەلەن ئۇنى مەغلۇپ بولدى، دەپ قاراشتى، لېكىن ئۇ غەلىبە قىلغانىدى. ھەزرىتى ئەيسا مەڭگۈ مەغلۇپ بولمايدۇ. مەيلى ئۇنى باشقىلار نېمە دېسۇن، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلسۇن، ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا بەخت ياراتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ نىيىتىم مېنىڭ ئىرادەمنى ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«مېنىڭ ئۆزۈمنى ئۇلۇغلىغۇم يوق» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـ باب، 50ـ ئايەت).

خۇددى پاۋلۇس ئېيتقاندەك:
«ئەيسا مەسىھمۇ ئۆزىنى ئەمەس، خۇدائاتىسىنى خۇرسەن قىلىشنى ئويلىدى» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 15ـ باب، 3ـ ئايەت).

خۇدا ۋە ئادەملەر ئۇچۇن مانا مۇشۇنداق بىجانىبىلىق بىلەن خىزمەت قىلىش «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇھەببەت، دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەببەتتە شەخسىيەتچىلىك بولمايدۇ. مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى ئۆز-ئۆزىنى قۇربان قىلىشتۇر. بۇ خىل چىن مۇھەببەت بەزىدە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلۈش مۇمكىن، لېكىن ھەزرىتى ئەيسانىڭ پۈتكۈل ھاياتى بۇ خىل مۇھەببەت بىلەن چاقنىدى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ شەخسىيەتچى ئەمەس. بۇ خىل شەخسىيەتسىزلىكنىڭ ئۆزى مۇھەببەتتۇر، ھالبۇكى خۇدا ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر.

4

# مەسىھنىڭ تىرىلىشى

بىز ئالدىنقى بابلاردا ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاتىشىنى تەھلىل قىلدۇق ھەم ئۇنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن ھەقىقەتەن تىرىلگەنلىكى ھەققىدە تارىختا خاتىرىلەنگەن ئىسپاتلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىمىز.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئەگەر تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش راستىنلا مەۋجۇت بولسا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. ئەگەر ناسىرەلىك ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلگەن بولسا، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئېغىزنى ئۇپىرىتىپ ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان تىرىلىش روھنىڭ ئۆلمەسلىكى مەسىلىسىنى ياكى تەنىنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەكسىچە، تىرىلىش ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمنى يېڭىپ، يېڭى بىر مەۋجۇدىيەت چىگرىسىغا كىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئەيسا مەسىھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى زامان ئادەملىرى ھەزرىتى ئەيسانى خۇددى ئەينى ۋاقىتتىكى ئافىنا پەيلاسوپلىرىنىڭ پاۋلۇسنىڭ سۆزلىرىگە قايتۇرغان ئىنكاسىغا ئوخشاش مەسخىرە قىلىدۇ:

«پاۋلۇسنىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى ھەققىدىكى ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17_باب، 32_ئايەت).

بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ تىرىلىشى ئۇنىڭ خۇدالىق خاراكتېرىنى ئالغا سۈرىدۇ دېگەن مەسىلىنى ئەمەس، بەلكى تىرىلىش بىلەن ئۇنىڭ خۇدالىق خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇشنىڭ يوقلۇقىنى مۇزاكىرە قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ «يېڭى ئەھدە» تەلىمى ھەم ئېتىقادىمىزنىڭ ئېتىقادىدۇر. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي، بىراق ئۇنىڭ ھامىلە بولۇشى ئادەتتىن تاشقىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۆلۈمى تەبىئىي، بىراق ئۇنىڭ تىرىلىشى ئادەتتىن تاشقىرىدۇر. ئۇنىڭ مۆجىزە خاراكتېرلىق ھامىلە بولۇشى ۋە تىرىلىشى گەرچە ئۇنىڭ خۇدالىق خاراكتېرىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خۇدالىق خاراكتېرىگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ جان پىدا قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقاندا، بۇنى ئۆزىنىڭ «تىرىلىشى» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەيتتى. شۇنداقلا، «تىرىلىش»نى بىر مۆجىزە دەيتتى. «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت»تە، پاۋلۇس ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: «...ئۆلۈمدىن تىرىلىش، ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى زور كۈچ بىلەن ئايان قىلدى» دەپ يازىدۇ. ئەلچىلەرنىڭ «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»دە خاتىرىلەنگەن دەسلەپكى سۆزلىرىدە، بۇ

نۇقتا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. خۇدا ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلىشى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ھەزرىتى ئەيسا ئۈستىدىن چىقارغان ناھەق ھۆكۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلىشى ھەققىدە تارىخچى لۇقا مۇنداق يازىدۇ:

«ئۇ ئۆلۈپ، تىرىلگەندىن كېيىنكى قىرىق كۈن ئىچىدە ئۇلارغا كۆپ قېتىم كۆرۈنۈپ، ئۆزىنىڭ تىرىلدۈرۈلگەنلىكىنىڭ شەكسىز ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغانىدى» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 1-باب، 3-ئايەت).

ئۇنداقتا، بۇنىڭغا ئائىت زادى قانداق دەلىللەر بار؟ تۆۋەندە بىز بۇ مەسىلىنى تۆت نۇقتىدىن ئومۇمىيلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

(1) جەسەت يوقاپ كەتتى

ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلىشى توغرىسىدا تۆت خۇش خەۋەر كىتابىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى بەزى ئاياللارنىڭ تىرىلىش كۈنى تاڭ سەھەردە قەبرىنى يوقلىشىدىن باشلىنىدۇ. بۇ ئاياللار ھەزرىتى ئەيسا قويۇلغان قەبرىگە يېتىپ كېلىپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ

جەستىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شاگىرتلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىنى رەسمىي جاكارلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىدۇر. ئەگەر ئۇلار بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەستى يەنىلا يۇسۇپنىڭ قەبرىستانلىقىدا بولسا، بۇ خەۋەر تارقىلا-تارقالمايلا يالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان، شاگىرتلارمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشىنىشىدىن ئۈمىد كۈتمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەبرە چوقۇم قۇپقۇرۇق، جەسەتنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇ گەپ كەتمەيدىغان ئەمەلىيەت. ھازىرقى مەسىلە بۇ ئەمەلىيەتنى قانداق چۈشەندۈرۈشتە.

بىرىنچى، بۇ يەردە مۇنداق بىر كۆز قاراش بار، يەنى ئايالالار قەبرىنى تېپىشتا خاتالاشقان. ئەينى چاغدا تاڭ تېخى يورۇمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مۇسىبەتتە بولغاچقا، ئاسانلا خاتالىشىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ قارىماققا مۇمكىنچىلىكى باردەك قىلسىمۇ، لېكىن سىناقتىن ئۆتەلمەيدۇ. ئالدى بىلەن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، ئەينى ۋاقىتتا ئەتراپ پۈتۈنلەي قاپقاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. يۇھاننا مۇنداق خاتىرىلىگەن:

«يەكشەنبە كۈنى تاڭ تېخى يورىمىغاندا، مەجدەللىك مەريەم ھەزرىتى ئەيسانىڭ يەرلىكىگە باردى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20-باب، 1-ئايەت).

«مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 28-باب، 1-ئايەتتە بولسا «يەكشەنبە كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە» دېيىلگەن، لۇقامۇ ئۇ چاغ «يەكشەنبە كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ» دەپ يازغان («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24-باب، 1-ئايەت)، ماركۇس تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: « كۈن چىقىش بىلەن تەڭ» دەپ يازدۇ («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب، 2-ئايەت).

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەبرىنى يوقلىغىلى بارغان ئاياللار ھەرگىز ئەخمەق ئاياللاردىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەم بولغاندىمۇ ئىككىسى يۈسۈپ بىلەن نىكودىمنىڭ جەسەتنى يەرلىكتە قويۇش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15-باب، 47-ئايەت «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 23-باب، 55-ئايەت). ئۇلار ھەتتا قەبرە بېشىدا ئولتۇرۇپ، جەسەتنىڭ قەبرىگە قويۇلۇشىنىڭ بارلىق جەريانلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 27-باب، 61-ئايەت). بۇ ئىككى ئايال (مەجدەللىك مەريەم بىلەن ياقۇپنىڭ ئاپىسى مەريەم) تاڭ سەھەردە سالومى («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب، 1-ئايەت)، يوھاننا ۋە باشقا ئاياللارنى ئېلىپ («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24-باب، 10-ئايەت)، قەبرىگە بارغانىدى. ئەگەر بولارنىڭ ئىچىدە بىرىنى ئادىشىپ قالدىمۇ دېيىلى، قالغانلىرى ئۇنىڭغا توغرىسىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتمەسمۇ؟

ئەگەر مەجدەللىك مەريەم بىرىنچى قېتىم خاتالاشقان بولسا، ئىككىنچى قېتىم يەنە قەبرە ئالدىغا بېرىپ، تاكى ھەزرىتى ئەيسانى كۆرگۈچە ساقلاپ ئولتۇرمىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار مۇشۇنداق قاق سەھەردە قەبرىگە ھېسسىيات ئازابىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بارغانىدى. ئۇلار خۇش پۇراق بۇيۇملىرىنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىگە چاچماقچى ئىدى. بۇ ئىشتا چېۋەر، مەسئۇلىيەتچان ئىخلاسمەن ئاياللار ئادىشىپ قالىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنى ئادىشىپ قالدى دېسەك، كېيىن پېترۇس بىلەن يۇھاننامۇ ئادىشىپ كېتەرمۇ؟ بۇنىڭدىن سىرت، باشقا ئادەملەرمۇ چوقۇم قەبرىنى يۈسۈپ بىلەن نىكودىمدەك بېرىپ تەكشۈرىدۇ. ئەجەبا ئۇلارمۇ قەبرىنى خاتا تونۇپ قالارمۇ؟

ئىككىنچى خىل چۈشەندۈرۈش بىھوشلۇق نەزەرىيەسىدۇر. بۇ خىل پىكىردىكىلەر ھەزرىتى ئەيسانى كرېستتا ئۆلمىدى، بەلكى ئۇ ھوشىدىن كەتكەن، كېيىن ئۇ قەبرىدە ھوشىغا كېلىپ، قەبرىدىن چىقىپ، شاگىرتلىرىنىڭ ئارىسىدا قايتىدىن پەيدا بولغان گەپ دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ خاتالىقلىرى كۆزگە مانا مەن دەپلا تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل قاراشتا ھەقىقەت بۇرمىلانغان. ئەينى چاغدا، پىلاتۇس ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلگەنلىكىدىن راستىنلا گۇمانلانغانىدى. لېكىن، يۈز بېشى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىنلا («ماركۇس بايان قىلغان خۇش

خەۋەر» 15ـباب، 44ـ، 45ـئايەت)، پىلاتۇس يۈز بېشىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، يۈسۈپنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ تېنىنى كىرېستتىن چۈشۈرۈشىگە ئىجازەت بەرگەن. يۈز بېشى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيدۇ، چۈنكى «لەشكەرلەردىن بىرى ئۇنىڭ بىقىنىغا نەيزىنى سانجىۋىدى، شۇئان قان ۋە سۇ ئېقىپ چىقتى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19ـباب، 34ـئايەت)، بۇ ئىش يۈز بەرگەندە يۈز بېشى نەق مەيداندا بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يۈسۈپ بىلەن نىكودىم ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنى كىرېستتىن چۈشۈرۈپ كېپەنلىگەندىن كېيىن، يۈسۈپنىڭ يېڭى قەبرىستانلىقىغا قويىدى.

ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، بىز يەنە ھەزرىتى ئەيسا ئۆلمىگەن، پەقەت ھوشىدىن كەتكەن دېگەن قاراشقا ئىشىنەمدۇق؟ ھەزرىتى ئەيسا سوراقلارغا تارتىلىپ، مەسخىرە قىلىنغان، قامچىلاردا ساۋىلىپ، كىرېستقا مىخلانغان تۇرۇقلۇق، ھېچقانداق ئىللىقلىق، ھېچقانداق يېمەكلىك يوق، شۇنداقلا يارا ئېغىزى تېڭىلمىغان ھەم تاش مازار ئىچىدە ئوتتۇز ئالتە سائەت تۇرۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا تىرىك قالالىسا ھەمدە ئادەمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلالىسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە (ھوشىغا كېلىپ) قەبرە ئالدىدىكى يوغان توساقنى رىم ئەسكەرلىرىنى چۆچىتىۋەتمەي تۈرۈپ ئېلىۋېتەلىسە، سىزنىڭچە بۇ ئىشلارغا ئىشىنىش مۇمكىنمۇ؟

ئۈچىنچى كۆز قاراشتىكىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنى باشقىلار ئوغرىلاپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل پەرەزنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. ئوغرىلار قانداقمۇ رىم قاراۋۇللىرىدىن يوشۇرۇنچە ناھايىتى چوڭ بولغان قەبرە تېشىنى يۆتكەپ، جەسەتنى ئېلىپ كېتەلىسۇن؟ بۇنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، ھېچكىم ئوغرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كېپەننى قالدۇرۇپ، جەسەتنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشتىكى غەرىزىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

تۆتىنچى، بەزىلەر شاگىرتلارنىڭ ئۆزلىرى جەسەتنى يۆتكىۋەتكەن، دەپ تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى مەتتا ئېيتقان. ئەينى چاغدا، ئۇ پىلاتۇس يوسۇپقا ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېتىشكە ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا پەرىسىيلەر ۋە باش كاھىنىنىڭ ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. ئۇلار پىلاتۇسقا مۇنداق دېگەندى:

«جانابلىرى، ئەيسانىڭ ھايات ۋاقتىدا: مەن ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىمەن دېگىنى ئېسىمىزدە. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەبرىنى ئۈچىنچى كۈنگىچە قوغداش ئۈچۈن ئەمر بەرگەيسىز. ئۇنداق قىلمىغاندا، شاگىرتلىرى كېلىپ جەسەتنى ئوغرىلاپ كېتىپ، خەلققە: ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدى دېيىشى مۇمكىن. ئۇ ئىغۋاگەرچىلىك ئالدىنقىسىدىنمۇ بەتتەر بولىدۇ، — دېيىشتى.

پىلاتۇس ئۇلارغا:
— قوغدىغۇچى لەشكەر ئېلىپ بېرىپ، قەبرىنى قۇربىكىڭلار ئېتىشىچە قوغداڭلار، — دېدى. ئۇلار لەشكەرلەر بىلەن بىللە بېرىپ، تاشنى پېچەتلەپ، قەبرىنى مۇھاپىزەت ئاستىغا ئالدى» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 27 ـ باب، 63 ـ ئايەتتىن 66 ـ ئايەتكىچە).

ئارقىدىنلا، مەتتا پېچەتلەنگەن قەبرە تېشىنىڭ ۋە قەبرىنى بېقىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلىشىنى توسۇپ قالالمىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. مەتتا يەنە لەشكەرلەرنىڭ شەھەرگە قايتىپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى كاھىنغا مەلۇم قىلغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. ئالىي روھانىيلار ئاقساقاللار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، لەشلەرلەرگە پارا بېرىپ:
«سىلەر: ئەيسانىڭ شاگىرتلىرى كېچىسى كېلىپ، بىز ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوغرىلاپ ئەكېتىپتۇ دەڭلار. ئەگەر بۇ خەۋەر ۋالىينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، بىز ئارىغا چۈشۈپ، سىلەرگە گەپ كەلتۈرمەيمىز، ـ دېدى».

مەتتا بۇ خاتىرىلەرنى ئاخىرلاشتۇرغاندا مۇنداق يازىدۇ:

«لەشكەرلەر پۇلنى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. بۇ ئىغۋا بۈگۈنگىچە يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە» («مەتتا بايان

قىلغان خۇش خەۋەر» 28ـ باب، 13ـ ۋە 15ـ ئايەت).

ئۇلار ئويدۇرۇپ چىققان بۇ ھېكايىدە نۇرغۇن يوچۇقلار بار. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ لەشكەرنىڭ ھەممىسى، مەيلى ئۇلار يەھۇدىيلار ياكى رىملىقلار بولسۇن، سەگەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۇخلاپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئويغاق بولسا، ئاشۇ ئاياللار ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، قەبرە تېشىنى قانداقمۇ يۆتكىيەلىسۇن؟ شاگىرتلارنى جەسەتنى غەلىبىلىك ھالدا يۆتكەپ كەتتىمۇ دەيلى، ئۇنداقتا بۇ شاگىرتلار ئۆزلىرىنىڭ روھىي بېسىمىنى قانداق يېڭىپ، ھەزرىتى ئەيسانى تىرىلدى، دەپ ئېيتالىسۇن؟ لېكىن، بىز «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»دىن شۇنى بىلىمىزكى، شاگىرتلارنىڭ يەھۇدىيلارغا يەتكۈزمەكچى بولغىنى تىرىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم خەۋەر ئىدى. «سىلەر ئۇنى ئۆلتۈردۈڭلار، خۇدا ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى، بىز ھەممىمىز بۇ ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىمىز» ــ بۇ بىر جۈملە سۆز ئۇلارنىڭ تەكرار يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار مۇشۇ خۇش خەۋەر ئۈچۈن زور بەدەللەرنى تۆلىدى، تۈرمىلەردە ياتتى، تاياق يېدى، ھەتتا بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئەجەبا، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار يالغان ئېيتارمۇ؟

بەشىنچى كۆز قاراشنى بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنىڭ يوقاپ كېتىشىنى چۈشەندۈرۈشتىكى ئەقىلگە بىرئاز مۇۋاپىق بولغىنى، دەپ قارىساقمۇ، بۇ يەنىلا بىر پەرەزدۇر. بۇنىڭدا ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنى رىم

ئەسكەرلىرى ياكى يەھۇدىي ئاقساقاللىرى ئوغرىلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردا بۇنداق غەرەز بولۇشى مۇمكىن. بۇ كۆز قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ تىرىلىشى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساختىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جەسەتنى مۇسادىرە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇ خىل پەرەزمۇ تەجرىبىدىن ئۆتەلمەيدۇ. بىز ھەزرىتى ئەيسا ئۆلۈپ، بىر نەچچە ھەپتە ئۆتە-ئۆتمەيلا، ئېتىقادچىلارنىڭ مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تېخىمۇ جۈرئەتلىك يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نۇرغۇن يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن قورقۇپ ھەزرىتى ئەيساغا ئېتىقاد قىلغاندى. رىملىقلارمۇ ۋەھىمىگە چۈشكەنىدى. ئەگەر يەھۇدىيلار جەسەتنى راستىنلا ئېلىپ كەتكەن بولسا، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار چوقۇم جەسەتنى چىقىرىپ، ۋەزىيەتنى تىنجىتقان بولاتتى. بىراق، ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلماستىنلا، قورال كۈچى ئىشلەتتى. ئۇلار ئېتىقادچىلارنى تۇتقۇن قىلدى، ئۇلارنى قورقۇتتى، ئۇلارنى ئۇردى، ئۇلارنى چەكلىدى، ئۇلارنى ھاقارەتلىدى. ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈردى. ئەگەر ئۇلاردا ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەستى بولغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى قالمىغان بولاتتى. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئەگەر تىرىلىشنى ئىنكار قىلساق، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىمۇ بولمايدۇ.

لېكىن، ئۇلار بۇنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز، چۈنكى ئۇلاردا ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەستى يوق. ئەينى چاغدىكى ھوقۇقدارلارنىڭ چۈشۈپ كېتىشى تىرىلىشىنىڭ كۈچلۈك گۇۋاھلىقى بولدى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ پەرىزى. ئۇلارنىڭ «قۇرۇق قەبرىنى» ۋە جەسەتنىڭ يوقاپ كېتىشىنى چۈشەندۈرۈشى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ ھەم ئۇنىڭ تارىخىي پاكىتلىرىمۇ يوق. شۇڭا، بىز «مۇقەددەس كىتاب»تا خاتىرىلەنگەن سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. تۆت خۇش خەۋەر كىتابلىرى بۇ ئىشلارنى ئاددىي، ئەمما ناھايىتى چۈشىنىشلىك تەسۋىرلىگەن. مەسىھنىڭ جەستىنى كىشىلەر يۆتكىۋەتمىگەن، بەلكى خۇدا ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەن.

### (2) كېپەن قالايمىقان ئەمەس

مەسىھنىڭ جەستىنىڭ يوقاپ كېتىشى ھەققىدە خۇش خەۋەر كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەردە، كېپەننىڭ يەنىلا قەبرە ئىچىدە قالغانلىقى يېزىلغان. بۇ ئىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن مۇرىت ـ يۇھاننادۇر. چۈنكى، ئۇ شۇ كۈنى پېترۇس بىلەن بىللە قەبرىگە يۈگۈرۈپ بارغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنى «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20ـباب، 1ـئايەتتىن 10ـئايەتكىچە خاتىرىلىگەن. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ناھايىتى ئېنىق سۈرەتلەپ بەرگەن. يۇھاننا دەل ھەزرىتى ئەيسا ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى شاگىرت ئىدى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش

خەۋەر» 20ـباب، 2ـئايەت). ئەينى چاغدا ئۇ پېترۇستىن تېز يۈگۈرۈپ، يەرلىككە بىرىنچى بولۇپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلىكنىڭ ئىچىگە كىرمىگەنىدى. پېترۇس يەرلىككە كىرگەندىن كېيىن،

> «يەرلىككە ئاۋۋال كەلگەن شاگىرتمۇ يەرلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىگە ئىشەندى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20ـ باب، 8ـئايەت).

بۇ يەردىكى مەسىلە: «يۇھاننا ئۆزىنى ئىشەندۈرىدىغان نېمىنى كۆردى؟» دېگەن مەسىلىدۇر. ئۇنىڭ كۆرگىنى پەقەت جەسەتنىڭ يوقاپ كېتىشىلا ئەمەس، بەلكى كېيەن بولۇپمۇ رەتلىك كېپەن.

ئەنگلىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەكتەپ مۇدىرى لاتام ئەپەندىنىڭ «تىرىلگەن رەب» دېگەن كىتابىدا، كېپەن توغرىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلگەن. بۇ يەردە بىز پەقەت ئۇ چىقارغان خۇلاسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بىز يۇھاننانىڭ بىزگە ئېيتىپ بەرگەنلىرى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19ـباب، 38ـئايەتتىن 42ـئايەتكىچە) بويىچە، ئەينى چاغدىكى كۆرۈنۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. ئەينى چاغدا يۇسۇپ ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، نىكودىممۇ جەسەتكە چاچىدىغان سەبرە ئارىلاش مۇرمەككى دېگەن

دورا-دەرماندىن ئەللىك كىلوچە ئېلىپ كەلدى. ئىككەيلەن يەھۇدىيلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى بويىچە ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتىگە دورا-دەرمانلارنى چېچىپ، كەندىر رەخت بىلەن ئوراپ كېپەنلىدى. دېمەك، ئۇلار كەندىر رەخت بىلەن جەسەتنى كېپەنلىگەندە، دورا-دەرمانلارنىڭ يانچىلغان ئۇننى كېپەنگە سېپەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باش تەرەپنى خۇددى لازارنى كېپەنلىگەنگە ئوخشاش چوقۇم ئايرىم لاتا بىلەن ئورايتتى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11-باب، 44-ئايەت). ئۇلار شەرقلىقلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ھەزرىتى ئەيسانىڭ تېنى بىلەن بېشىنى مەھكەم ئوراپ، ئۇنىڭ يۈز قىسمى بىلەن بويۇن قىسمىنى ئوچۇق قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ جەستىنى يەرلىك ئۆڭكۈرنىڭ تام تەرىپىدىن قېزىپ چىقىرىلغان تاش تاختىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويدى. ئەمدى بىز ئۆزىمىزنى ھەزرىتى ئەيسا تىرىلگەندە بىز نەق مەيداندا بار ئىدۇق، دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى. ئەگەر شۇنداق بولسا، بىز نېمىلەرنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن؟ بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدى بىلەن مىدىرلاپ، ئاندىن ئەسنەپ، بەللىرىنى تولغاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەمدۇق؟ ياق، بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەندىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ بۇرۇنقىسى بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز. ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدى. بۇ تىرىلىش، ھەرگىزمۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىش ئەمەس. بىز ئۇنىڭ مۆجىزىگە تولغان ئۆلۈمىنىڭ يېڭى بىر مەۋجۇدىيەت چىگرىسىغا كىرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز. ئۇنداقتا، بىز نەق مەيداندا بولساق، نېمىلەرنى

كۆرۈشىمىز مۇمكىن ئىدى؟ بىز بەلكىم جەسەتنىڭ تۇساتتىنلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن. ئۇ بەلكىم باشقا بىر ئالاھىدە يېڭى تەنگە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئۇ خۇددى تاقاقلىق ئىشىكتىن كىرىۋەرگەندەك كېپەندىنمۇ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. بەلكىم كېپەن يەرلىكتە ئاز تولا قالايمىقانلاشقان قىلىپ، بەكلا قالايمىقانلاشمىغان ھالەتتە قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، كېپەندە ئەللىك كىلو دورا-دەرماننىڭ بېسىمى بولغاچقا، ئەگەر جەسەت مىدىرلىسا دورا-دەرمانلار چېچىلىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يۈز قىسمى بىلەن بوينى ئوچۇق قىلىپ، بەدەنگە ئورالغان كېپەنلىك بىلەن باشقا ئورالغان ياغلىق ئايرىلىپ تۇرۇشى ھەمدە باشقا ئورالغان ياغلىق قالپاقسىمان ئۇۋا شەكلىدە بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر بىز يۇھاننانىڭ خاتىرىلىرى ئىنچىكە تەتقىق قىلساق، يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ھالەتنىڭ، دەل «ھەزرىتى ئەيسا ياخشى كۆرىدىغان شۇ شاگىرت» كۆرگەن كېپەنلىكنىڭ ھالىتىگە ئوخشاشلىقىنى بايقايمىز. يۇھاننا ئالدى بىلەن كەندىر رەختنىڭ يەنىلا «شۇ يەردە تۇرغانلىقىنى» كۆرگەن. «يېيىقلىق تۇرغان كېپەن» دېگەن بۇ سۆز 5- ۋە 6- ئايەتلەردە ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ بېشىغا چىگىلگەن ياغلىق بىلەن كېپەنلىكنىڭ بىر جايدا ئەمەس، بەلكى ئايرىم - ئايرىم يۆگەكلىك تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ باشقا چىگىلگەن ياغلىقنىڭ بىر بۇلۇڭدا تاشلىنىقلىق تۇرغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ،

بەلكى باش ياغلىقى يەنىلا تاش تاختىنىڭ ئۈستىدە، بىراق كەندىر رەختتىن مەلۇم يىراقلىقتىكى بىر يەردە، دېگەنلىكتۇر. ئۈچىنچى، باشقا چىگىلگەن ياغلىق «يېيىقلىق» ئەمەس، بەلكى «يۆگەكلىك» ھالەتتە ئىدى. «چىگىلگەن» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئورالغان» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، يەنى، بۇ باشقا چىگىلگەن ياغلىقنىڭ يۇمۇلاق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، كۆڭلىدە گۇمان بار بۇ شاگىرت يەرلىكنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ قارىغان ھەمدە ئۇنىڭ يەرلىك ئىچىگە كىرىپ كۆرگەن مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ئۇنچە تەس ئەمەس. تاش تاختا، يېيىلىپ تۇرغان كېپەنلىك، باشقا چىگىلگەن ياغلىقنىڭ ھالىتى ۋە ئۇنىڭ كېپەنلىك بىلەن بولغان ئارىلىقى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەردىن ئۇلارنىڭ «ئەھۋالنى كۆرۈپلا ئىشەنگەنلىكىدىن» ھەيران قالمايمىز. بۇ ھالەتلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بۇ رەختلەرگە ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەن. بۇ كېپەنلىك ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىنىڭ ئىشەنچلىك ئىسپاتى بولالايدۇ. چۈنكى، يۇھاننانىڭ خاتىرىلىگىنىدىن ئايانكى،

> «مەريەم بولسا، يەرلىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئېڭىشىپ يەرلىكنىڭ ئىچىگە قارىۋىدى، ئاق كىيىم كىيگەن ئىككى پەرىشتىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرى ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەستى قويۇلغان

يەرنىڭ باش تەرىپىدە، يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇراتتى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20ـ باب،11ـ ۋە 12ـ ئايەت).

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ پەرىشتىلەر تاش تاختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولۇپ، كېيىنلىك ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. مەتتا بىلەن ماركۇسلارمۇ ئۆز خاتىرىلىرىدە «پەرىشتىنىڭ» دېگەن سۆزنى قىستۇرغان:

«ئۇ بۇ يەردە ئەمەس؛ ئۆزى ئېيتقاندەك تىرىلدى. كېلىڭلار، ئۇ ياتقان يەرنى كۆرۈڭلار» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 28ـباب، 6ـئايەت ؛ «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16ـباب، 6ـئايەت).

ئوقۇرمەنلەر پەرىشتىگە ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكتىن قەتئىينەزەر، پەرىشتىلەرنىڭ ئولتۇرغان ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرى، ھەزرىتى ئەيسا قويۇلغان جاينى دەلىللەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئۇلار خۇش خەۋەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدۇ. كېيىنلىكنىڭ بېيىقلىق ھالىتى ۋە جەسەتنىڭ يوقاپ كېتىشى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس ئىسپاتىدۇر.

## (3) ھەزرىتى ئەيسا باشقىلارغا كۆرۈندى

خۇش خەۋەر كىتابلىرىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ھەزرىتى ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، شاگىرتلىرىغا كۆرۈنگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ ئىشنى بىلىدۇ. تىرىلگەن ئەيسا پېتىرۇسقا (ئۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان خۇدا تاللىغان كىشى) كۆرۈندى («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 10-باب، 41-ئايەت). بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا جەمئىي ئون قېتىم كۆرۈنگەن. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنى كۆرگۈچىلەردىن مەجدەللىك مەريەم («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20-باب، 11-ئايەتتىن 18-ئايەتكىچە، «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب، 9-ئايەت)، قەبرىدىن يانغان ئاياللار («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 29-باب، 9-ئايەت)، پېترۇس («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24-باب، 34-ئايەت «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15-باب، 5-ئايەت)، ئېمايۇس يېزىسىغا كېتىۋاتقان ئىككى شاگىرت («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24-باب، 13-ئايەتتىن 35-ئايەتكىچە «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب، 12-، 13-ئايەت) ۋە بىر ھەپتىدىن كېيىن توماسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون بىر شاگىرت («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20-باب، 24-ئايەتتىن 29-ئايەتكىچە «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب، 14-ئايەت)، يىغىلىپ ئولتۇرغان «بەش يۈزدىن ئارتۇق قېرىنداش»لار (بەلكىم

جەلىلىيەدىكى تاغدا بولۇشى مۇمكىن). («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15ـ باب، 6ـ ئايەت «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 28ـ باب، 16ـ ئايەتتىن 20ـ ئايەتكىچە)، ياقۇپ («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15ـ باب، 7ـ ئايەت) قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە تىبېرىيە كۆلىنىڭ بويىدا تۇرغان پېترۇس، توماس، ناتانىيەل، ياقۇپ، يۇھاننا قاتارلىق شاگىرتلارغا كۆرۈنگەن («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 21ـ باب، 1ـ ئايەتتىن 23ـ ئايەتكىچە). ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدىغان چاغدا، بەيتانىيادىكى زەيتۇن تېغىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە كۆرۈنگەن («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24ـ باب، 50ـ ئايەتتىن 53ـ ئايەتكىچە ؛ «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 1ـ باب، 6ـ ئايەتتىن 12ـ ئايەتكىچە). پاۋلۇسمۇ تىرىلگەن ئەيسانى كۆرگۈچىلەرنىڭ تىزىملىكىگە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزگەن («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15ـ باب، 8ـ ئايەت)، ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى ئۇنىڭ دەمەشقتىكى كەچۈرمىشلىرىدۇر. لۇقا «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»دە مۇنداق يازىدۇ:

> «ئۇ ئۆلۈپ، تىرىلگەندىن كېيىنكى قىرىق كۈن ئىچىدە ئۇلارغا كۆپ قېتىم كۆرۈندى» (1ـ باب، 3ـ ئايەت).

مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەزرىتى ئەيسا باشقىلارغا يەنە نۇرغۇن قېتىم كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلار خاتىرىلەنمىگەن، خالاس.

بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ باشقىلارغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئون قېتىمدەك كۆرۈنگەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلساق، مەيلى مۇھىت، ئادەم، ئورۇن ۋە ياكى كەيپىيات قاتارلىقلار بولسۇن، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۆزى يالغۇز كۆرگەن، (مەجدەللىك مەريەم، پېترۇس ۋە ياقۇپ)، بىر توپ ئادەملەر ئۇنى بىرلا ۋاقىتتىمۇ كۆرگەن. ئۇ مازارلىقتا، يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدا، ئېمايۇس كەنتىگە بارىدىغان يولدا، جەلىلىيەدىكى كۆل بويىدا، جەلىلىيەدىكى تاغدا ھەم زەيتۇن تېغىدا كىشىلەرگە كۆرۈنگەن. ئادەملەر بىلەن ئورۇنلار ھەر قېتىمدا ئۆزگىرىپلا قالماي، يەنە ئادەملەرنىڭ كەيپىياتىمۇ ھەر قېتىمقىسىغا ئوخشىمايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مەجدەللىك مەريەمگە كۆرۈنگەن چاغدا، مەريەم يىغلاۋاتاتتى، قەبرىدىن قايتقان ئاياللار بولسا قورقۇنچ ئىچىدە ئىدى. پېترۇس غەزەپلىك كەيپىياتتا، توماس بولسا، دەرگۇمانىدا ئىدى. ئېمايۇسقا كېتىۋاتقان ئىككى ئادەم تازا گاڭگىراش ئىچىدە، جەلىلىيە كۆلى بويىدىكى شاگىرتلار بېلىق تۇتۇۋاتقان ھالەتتە ھەزرىتى ئەيسانى كۆردى. دېمەك، ئۇلار ئىككىلىنىۋاتقان، قورقۇۋاتقان، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان چاغلاردا، تىرىلگەن رەب ئەيسا ئۇلارغا كۆرۈندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ باشقىلارغا كۆرۈنۈشى بىر خىل تەسەۋۋۇردىن خالىي ۋە توقۇپ چىقىرىلمىغانىكەن، بۇ يەردىكى بىردىنبىر مۇمكىنچىلىك شۇكى، بۇ ئىش ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن، خالاس. رەب ئەيسا ئۆلۈمدىن تىرىلگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئادەملەر تىرىلگەن رەب ئەيسانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

## (4) شاگىرتلار ئۆزگەردى

ھەزرىتى ئەيسانىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بەلكىم ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىنىڭ ئەڭ زور ئىسپاتى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ ئىشنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. خۇش خەۋەر كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئادەملەر «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»دە يېڭىچە قىياپەتتە ئۆزگەرگەنىدى. ئەسلىدە مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەنىدى. لېكىن، «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»دە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات-ماماتىنى بىلەن ھېسابلاشماي، رەب ئەيسانىڭ نامى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن، «ئالەمنى ئاستىن-ئۈستىن قىلماقچى بولغان» ئادەملەر بولۇپ قالدى («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17-باب، 6-ئايەت؛ 15-باب، 26-ئايەت). ئۇلارنى زادى قانداق نەرسە بۇنچىۋالا ئۆزگەرتىۋەتتى؟ زادى قانداق نەرسە ئۇلاردا يېڭى ئىشەنچ، يېڭى كۈچ، يېڭى خۇشاللىق ۋە يېڭى مېھىر-مۇھەببەتنى پەيدا قىلدى؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇلارغا مۇقەددەس روھنىڭ چۈشۈشى بىلەن يۈز بەردى. بىلىشىمىز كېرەككى، مۇقەددەس روھ ھەزرىتى ئەيسا تىرىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چۈشكەن. دېمەك، تىرىلىش يۈكسەك ئەخلاقىي ۋە روھىي كۈچ ئېلىپ كەلگەن. تۆۋەندە بىز ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ ئۆتەيلى. بۇنىڭ بىرىنچىسى سىمون پېترۇس. ھەزرىتى ئەيسا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، پېترۇسنىڭ

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى. ئۇ ھەم ھەزرىتى ئەيسادىن ئۈچ قېتىم تانغان. شۇنداقلا، ھەزرىتى ئەيسانىڭ تەربىيىلىرىنى ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغان ئادەمدەك، ھەزرىتى ئەيسانى تونۇمايمەن دەپ قەسەممۇ قىلغان. ئۇ يېرىم كېچىدە تاشقىرىغا چىقىپ كۆز يېشى قىلغان. ھەزرىتى ئەيسا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇمۇ باشقىلاردەك «يەھۇدىيلاردىن قورققانلىقىدىن، ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20-باب، 19-ئايەت)، مۆكۈنۈپ ئولتۇرغانىدى. لېكىن، بىز «مۇقەددەس كىتاب»نى يەنە بىر نەچچە ۋاراق ۋاراقلايدىغان بولساق، پېترۇسنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خالايىققا قورقۇمسىزلىق بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئوقۇيمىز. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇ قەدەر كۈچلۈككى، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەتتا ئۈچ مىڭ ئادەم بىر قېتىمدىلا ھەزرىتى ئەيساغا ئىشىنىپ، چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلغانىدى. بىز «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»نى ئوقۇيدىغان بولساق، پېترۇسنىڭ مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ھاياتىنى ئەيسا مەسىھكە بېغىشلىغانلىقىنى كۆرىمىز، ئۇ ھەزرىتى ئەيسا ئۈچۈن تۈرمىلەرگە كىردى. لېكىن، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا بولغان مۇھەببىتىنى تەۋرىتەلمىدى. (2-باب، 14-ئايەتتىن 41-ئايەتكىچە؛ 4-باب، 1-ئايەتتىن 22-ئايەتكىچە؛ 5-باب، 41-ئايەت؛ 12-باب، 1-ئايەتتىن 6-ئايەتكىچە). دېمەك، پېترۇس يېڭى ئادەم بولدى. ھەقىقىي بىر قۇرام تاشقا ئايلاندى. ئۇنداقتا، زادى قانداق نەرسە ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىرىشىگە

سەۋەبچى بولدى؟

ئەمدى بىز ياقۇپنى كۆرۈپ باقايلى، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە يېرۇسالېمدىكى جامائەتچىلىككە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ «رەب ئەيسانىڭ ئىنىسى ئىدى»، خۇش خەۋەر كىتابلىرىدىن بىلىمىزكى، ئۇ ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەنمەيتتى. «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 5-ئايەتتە، مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭغا ھەتتا ئىنىلىرىمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىدى». لېكىن، بىز «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 1-بابنى ئوقۇساق، لۇقا خاتىرىلىگەن شاگىرتلارنىڭ تىزىملىكىدە «ئۇنىڭ ئىنىلىرىمۇ بار ئىدى» (14-ئايەت) دەپ يېزىلغان. دېمەك ياقۇپمۇ ئېتىقادچىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنى زادى قانداق ئىش ئۆزگەرتكەندۇ؟ ئۇنى قانداق نەرسە ئىشەندۈرگەندۇ؟ «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»نىڭ 15-باب 7-ئايىتى بىزنىڭ ئىزدىمەكچى بولغان يىپ ئۇچىمىز بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە پاۋلۇس تىرىلگەن ئەيسانى كۆرگەنلەرنى تىلغا ئالغان چاغدا، «كېيىن ھەزرىتى ئەيسا ياقۇپقا كۆرۈندى» دەپ ئالاھىدە يازىدۇ.

پېترۇسنى قورقۇنچاقتىن باتۇرغا ئۆزگەرتكىنى ۋە، ياقۇپنى ئىشەنچكە ئىگە قىلغىنى دەل ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىدۇر. ھەزرىتى ئەيسا تىرىلگەچكە، سائۇل پاۋلۇسقا ئۆزگەردى، ئىلگىرى ھەزرىتى ئەيساغا جان-جەھلى بىلەن قارشى چىققان

ئادەم، كېيىن خۇش خەۋەر تارقاتقۇچىغا ئايلاندى. پاۋلۇس مۇنداق يازىدۇ:

«ئەڭ ئاخىرىدا ماڭىمۇ كۆرۈندى» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15ـ باب، 8ـ ئايەت).

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەقىقەتەن تىرىلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. جەسەت يوقاپ كەتتى. كېپەنلىك ئۆز جايىدا يېيىقلىق پېتى تۇراتتى. رەب ئەيسا كۆپچىلىككە كۆرۈندى. شاگىرتلار ئۆزگەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت ئىكەن، ئۇنداقتا ئېتىقادىمىزغا «رەب ئاللىقاچان تىرىلدى» دېگەن ئۇلۇغ خىتابتىن باشقا، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك باشقا چۈشەندۈرۈش بولمىسا كېرەك.

بىز يۇقىرىقى ئۈچ باب ئارقىلىق تارىختىكى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويغا سالىدىغان بۇ شەخسكە نىسبەتەن تەنقىدىي يۇسۇندا ئىزدىنىش ئېلىپ باردۇق. قارىماققا ئادەدىي ياغاچچىلىقتىن كېلىپ چىققان ناسىرەلىك ھەزرىتى ئەيسا كېيىن خۇش خەۋەر تارقاتقانلىقى سەۋەبلىك گۇناھكار دەپ قارىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىشى جاھاننى زىلزىلىگە سالىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا خاراكتېر جەھەتتىن مۇكەممەل. ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن. بۇ پاكىتلارنى بىرلەشتۈرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا قىلچىمۇ ئاساس قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،

بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قىلىدىغىنىمىز، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلانغان توماسقا ئوخشاش ئۆز ئاغزىمىز بىلەن ئۇنى: «مېنىڭ رەببىم، مېنىڭ خۇدايىم» دەپ چاقىرىش، ھەقىقەتەن مۇۋاپىقتۇر.

# 5
# گۇناھنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ماھىيىتى

ناسىرەلىك ئەيسانىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى بىز ئالدىنقى بابلاردا ناھايىتى كۆپ دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ چىقتۇق. شۇڭا، بىز ئۇنى رەب ۋە خۇدانىڭ ئوغلى، دەپ ئىشىنىمىز. «يېڭى ئەھدە» ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ خىزمىتىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «يېڭى ئەھدە»دە خاتىرىلەنگەن ئەيسا پەقەت ئاسماندىن چۈشكەن رەب بولۇپلا قالماستىن، يەنە كرىست ئۈستىدە ئۆلگەن قۇتقۇزغۇچىدۇر. بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بۇلارنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇ خۇدا بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەرقانداق خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولدى.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك خىزمىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنىمۇ تونۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئۆزىلا بىز كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. پۈتكۈل ئالەمدە پەقەت ئۇلا كۆپچىلىكنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. باشقىلارنى خۇشال قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ خۇدا، ئىنسانلار ئۇنىڭغا موھتاج؛ سەۋەب شۇكى، بىز گۇناھكارمىز. بىز ئالدىنقى بابلاردا ئۇنىڭ سالاھىيىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش

ئىلىپ بارغانىدۇق، ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئەمدى ئەيسا مەسىھنى تەتقىق قىلىشتىن ئادەملەرنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتمەكچىمىز. ئۇنىڭ پاك، قۇسۇرسىز ۋە ئۇلۇغلۇقىدىن ئىنسانلارنىڭ گۇناھكار ۋە پەسكەشلىكىگە ئۆتمەكچىمىز. بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ماھىيىتىمىزنى چۈشىنىپ يەتسەك، ئاندىن ئۇنىڭ بىزگە قوشقان تۆھپىسىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى، بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىمىزنى بىلسەك، ئاندىن ياخشى دورىنى قوبۇل قىلىمىز، شۇنداقمۇ؟

گۇناھ قارشى ئېلىنمايدىغان تېمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر ئېتىقادچىلارنى دائىم ئۇلارنىڭ گۇناھقا بولغان قارشى بەكمۇ مۇبالىغىلىشىپ كەتكەن، دەپ تەنقىدلەيدۇ. لېكىن، ئېتىقادچىلارنىڭ بۇ خىل كۆز قاراشتا بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بەرگەنلىكىنىڭ ۋە رېئاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئىنقاسىدۇر. گۇناھنى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ يېتەكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تاماق قاچىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كەشىپ قىلىۋالغان ئەڭگۈشتەر ئەمەس، بەلكى بۇ پۈتكۈل ئىنسانلاردا ئورتاق بولغان ئەمەلىيەت. 19ـئەسىردە، بىر خىل ئەركىن ئۈمىدۋارلىق ئەۋج ئالغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئادەم ماھىيەت جەھەتتىن ياخشى، گۇناھنى ئەقىلسىزلىك ۋە

ئەتراپتىكى شارائىت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كىشىلەر ئۆزگەرتىلىسىلا، تەربىيە بېرىلىسىلا، جەمىيەت تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنسىلا، كىشىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، ئىنسانلارمۇ بىر-بىرى بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدۇ، دەپ قارىلاتتى. لېكىن، تارىخنىڭ رەھىمسىز ئەمەلىيىتى بۇ خىل تەسەۋۋۇرنى بىتچىت قىلدى. غەرب دۆلەتلىرىدە مائارىپ ئومۇملاشتى، نۇرغۇن دۆلەتلەر سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورناتتى. لېكىن، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ زوراۋانلىقى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارالىق تالاش-تارتىشلار، ئىرقىي كەمسىتىش، زوراۋانلىق قاتارلىقلار ھەربىر پىكىر قىلغۇچىنى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە شەخسىيەتچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت توغرىسىدا ئويلاندۇردى.

بىز مەدەنىيەتلىك دۇنيادا ياشاۋاتقان بولساقمۇ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، قانۇننىڭ ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىگە سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا ئىشەنمەسلىكىدىن تۇرغۇزۇلغان. ئاغزاكى ۋەدە كەملىك قىلىپ، قەغەز يۈزىدىكى توختام ۋۇجۇدقا كەلدى. ئىشىك كەملىك قىلىپ، قۇلۇپ مەيدانغا كەلدى. ماشىنىغا چىقىپ بىلەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، بىلەتنى تەكشۈرتۈشكە توغرا كەلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان. بىز بىر-بىرىمىزگە ئىشىنەلمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق. بىز باشقىلارنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوغدىنىشقا موھتاج بولۇپ قالدۇق.

### گۇناھنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلۈكى

«مۇقەددەس كىتاب» ئاپتورلىرى گۇناھنىڭ ئومۇمىيلىقىنى بىلىدۇ. سۇلايمان پەيغەمبەر خۇداغا ئىبادەتخانىنى ئاتىغاندا، دۇئا قىلىۋېتىپ، مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم يوق» («پادىشاھلار 1 ـ» 8 ـ باب، 46 ـ ئايەت). تەلىم بەرگۈچى ئۆزىنىڭ «تەلىملەر» دېگەن كىتابىدا: «بۇ دۇنيادا دائىم ياخشىلىقلا قىلىپ، پەقەت گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم ھەقىقەتەن يوق» دەپ يازىدۇ (7 ـ باب 20 ـ ئايەت). «زەبۇر»دىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۇناھكار ئىكەنلىكىگە قايغۇرۇپ يېزىلغان شېئىرلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، 14 ـ باپتا قەلبىدە خۇدا بولمىغان «نادان»لار تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، داۋۇت پەيغەمبەر بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ گۇناھىغا نىسبەتەن ناھايىتى قايغۇرغان ھالدا:

> «ئۇلارنىڭ ھەممىسى يامان بولۇپ، يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلدى. ياخشىلىق قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. پەرۋەردىگار خۇدا ئاسماندىن بۇ دۇنيادا ئەقىللىق ئادەم بارمىدۇ، مېنى ئىزدەيدىغان كىشى چىقارمۇ، دەپ قارىماقتا. ئۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا يولدىن چەتنەپ، ئىپلاسلاشتى. ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەم يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوق» («زەبۇر» 14 ـ باب، 1 ـ ئايەتتىن 3 ـ ئايەتكىچە) دەپ يازغان.

بۇ ئايەتلەر بىزگە ئەگەر خۇدا سوراق قىلىدىغان بولسا، ھەرقانداق ئادەمنى گۇناھكار، دەپ بېكىتەلەيدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ. «ئى پەرۋەردىگار، ئەگەر سىز گۇناھلىرىمىزنى سۈرۈشتۈرسىڭىز، كىممۇ ئالدىڭىزدا تۇرالىسۇن؟» («زەبۇر» 130-باب، 3-ئايەت). شۇڭلاشقا، داۋۇت پەيغەمبەر خۇداغا يالۋۇرۇپ: «قۇللىرىڭنى سوراققا تارتمىغايسەن، چۈنكى ئالدىڭدىكى تىرىك ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىرمۇ پاك ئادەم يوق» دېگەنىدى («زەبۇر» 143-باب، 2-ئايەت). باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ خۇددى داۋۇتقا ئوخشاش، بىر ئەمەلىيەتنى يەنى بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەڭ ئېنىق يېزىلغىنى «يەشايا» كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى مۇنۇ ئىككى جۈملە سۆز بولسا كېرەك. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «بىز ھەممىمىز خۇددى ئازغان قويدەك يولدىن چەتنىدۇق» (53-باب، 6-ئايەت)

> «بىز ھەممىمىز مەينەت ئادەملەرمىز، بىزدىكى پاكلىق خۇددى مەينەت كىيىمگە ئوخشايدۇ» (64-باب، 6-ئايەت).

يالغۇز «كونا ئەھدە» ئاپتورلىرىلا مۇشۇنداق قاراپ قالماستىن، پاۋلۇس «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» ئالدىنقى ئۈچ بابىدا ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ، مەيلى يەھۇدىيلار ياكى تائىپىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى

خۇدانىڭ نەزىرىدە گۇناھكار، دەپ يازىدۇ. ئۇ تائىپىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى يېزىپلا قالماستىن، يەنە يەھۇدىيلارنىڭمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى يازىدۇ. گەرچە يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بولسىمۇ، ئۇلار بۇ قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلاتتى. ئەلچى پاۋلۇس «زەبۇر» ۋە يەشايا پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل قىلىپ، مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ:

> «. . . بۇ يەردە ئايرىمىچىلىق يوقتۇر. چۈنكى ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ ئىنسانلارنى ياراتقاندا ئاتا قىلغان شان-شەرىپىدىن مەھرۇم قالغان» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3-باب، 22- ۋە 23-ئايەت).

يۇھاننا بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

> «گۇناھىمىز يوق دېسەك، ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالدىغان بولىمىز ۋە ھەقىقەت قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالمىغان بولىدۇ. ...گۇناھ قىلمىدۇق دېسەك، خۇدانى يالغانچى قىلىپ قويغان بولىمىز ۋە ئۇنىڭ سۆزى قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالمىغان بولىدۇ» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1-باب، 8- ۋە 10-ئايەت).

ئۇنداقتا گۇناھ دېگەن نېمە؟ بىز گۇناھنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۇق، ئەمدى بىز

گۇناھنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەك.
«مۇقەددەس كىتاب» گۇناھنى ئاكتىپلىق ۋە پاسسىپلىق جەھەتتىن چۈشەندۈرىدۇ. گۇناھ پاسسىپلىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەرزنى كۆرسىتىدۇ. گۇناھ ئاكتىپلىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خاتالىق ئۆتكۈزۈشتۇر. ياقۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئېيسىلارغا تۇتۇلارنى، قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغانلار گۇناھ قىلغان بولىدۇ» («ياقۇپ يازغان خەت» 4-باب، 17-ئايەت).

مانا بۇ گۇناھنىڭ پاسسىپ تەرىپى. يۇھاننا مۇنداق يازىدۇ:

«گۇناھ سادىر قىلغان كىشى خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى گۇناھ سادىر قىلغانلىق خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 3-باب، 4-ئايەت).

مانا بۇ گۇناھنىڭ ئاكتىپ تەرىپى.

«مۇقەددەس كىتاب» كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بار. تائىپىلەرگە نىسبەتەن بولسا ئۇلارنىڭ ۋىجدانى ئۇلارنىڭ قانۇنىدۇر. لېكىن، مەيلى كىملا بولمىسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمىگە يېتەلىگەن ئەمەس. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلدى. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ

ئېتىكىمىز زادى نېمە؟ مۇسانىڭ قانۇنىمۇ، ياكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قانۇنىمۇ، دىنىي قائىدە-يوسۇنلارمۇ ياكى ئۆرۈپ-ئادەتمۇ ۋە ياكى ئىجتىمائىي كەيپىياتمۇ؟ بەلكىم ئۇ بۇددا دىنىنىڭ يۈكسەك سەككىز ئەمرىمەرۇپلىرى ياكى ئىسلام دىنىنىڭ بەش پەرزى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قايسىسى بولمىسۇن، بىزنىڭ تەلەپكە لايىق بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىز ئۆز-ئۆزىمىزنى ھەر دائىم ئەيىبلەپ تۇرىمىز. بۇ گېپىمىز بەلكىم بەزىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆز غايىلىرى بولغان ۋە مەقسەتلىرىگە ئازدۇر-كۆپتۇر يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بەلكىم ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى خالىمىغان ياكى ئۆزىگە بەك كەڭ قورساق بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ئىشلارنى خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئەمما تۇرمۇش دېگەندە شۇنداق بولىدۇ، دەپ بىپەرۋالىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. مۇنداق ئويلىغۇچىلارغا شۇنى دېمەكچىمىزكى، بىرىنچىدىن، بىزنىڭ مەغلۇبىيەتكە بولغان تۇيغۇمىز بىزنىڭ ئۆلچىمىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئېگىزگە سەكرەش تەنھەرىكىتىدە، توساقنىڭ ئېگىزلىكى بەلنىڭ ئېگىزلىكىدىن مەڭگۈ ئېشىپ كەتمىسە، بىز ئۆزىمىزنى ئېگىزگە سەكرەش ماھىرى، دەپ قارايمىز. ئىككىنچىدىن، خۇدانىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ھەرىكىتىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى نىيىتىمىز ۋە مۇددىئايىمىزدۇر. ھەزرىتى ئەيسا بىر قېتىم تاغدا تەلىم بەرگەندە، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. بىز تۆۋەندە «مىسىردىن چىقىش خاتىرىسى»دا

خاتىرىلەنگەن ئون پەرماننى ئۆلچەم قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىپادىسىنىڭ بۇ تەلەپلەردىن خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

## ئون پەرمان

(1) «ماڭىلا ئېتىقاد قىل، باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلما»

مانا بۇ خۇدانىڭ ئىنسانلارغا قويغان تەلىپى. خۇدا پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىمىزنى خالايدۇ. بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئۈچۈن، ئايغا ۋە كۈنگە ئىبادەت قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر بىز مەلۇم ئادەمنى ياكى مەلۇم نەرسىنى خۇدادىن بەكرەك ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى خۇدانىڭ ئالدىدا قويساق، بىز ئاللىقاچان بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. بۇ نەرسىلەر بەلكىم شەخسىيەتچىلىكىمىز ياكى ھەر خىل ھاۋاي ھەۋەسلىرىمىز بولۇشى، ياكى بىز چوقۇنىدىغان نەرسىلەر ۋە ياكى پۇل، مال-دۇنيا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىز بۇ نەرسىلەرنى يامان، دەپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەگەر بۇ نەرسىلەر قەلبىمىزدە خۇدانىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالسا بۇ گۇناھ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، گۇناھ ئۆزىمىزنى خۇدادىن ئۈستۈن تۇتۇپ، خۇدانى ئۇنتۇشتۇر. بىز بۇ پەرماننى بويسۇنۇشىمىز ئۈچۈن، خۇددى ھەزرىتى ئەيسا ئېيتقاندەك:

«پەرۋەردىگارىڭ بولغان خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن»

(«مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 22-باب، 37-ئايەت).

شۇنداقلا، خۇدانىڭ قارشى بويىچە دۇنياغا بېقىشىمىز، قىلغان-ئەتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بولۇشى، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى مەقسەت قىلىشىمىز لازىم. مەيلى ئىدىيە، سۆز، ھەرىكەت، كەسىپ، دوستلۇق ۋە خىزمەت، پۇل، ۋاقىت ۋە قابىلىيەتنى ئىشلىتىش جەھەتلەردە بولسۇن، مەيلى ئۆيدە ياكى سىرتتا بولايلى پەقەت خۇدانىلا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. ناسىرەلىك ئەيسادىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بۇ قانۇنغا تەلتۆكۈس ئەمەل قىلغان ئەمەس.

(2) «ئۆزۈڭ ئۈچۈن بۇت ياسىما ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلما»

ئەگەر بىرىنچى پەرمان بىزنىڭ ئىبادەت قىلىش ئوبيېكتىمىزگە قارىتىلغان بولسا، ئىككىنچى پەرمان بىزگە ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىرىنچى پەرماندا خۇدا بىزدىن پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچى پەرماندا ئۇ بىزدىن سەممىيلىك ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى

«خۇدا روھتۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغۇچىلار روھى بىلەن ۋە خۇدا ئاشكارىلىغان ھەقىقەت

بويىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى كېرەك»
(«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4ـ باب،
24ـ ئايەت).

بەلكىم بىز ئەزەلدىن بۇت ياساپ باقمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن، لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىزدىكىسى بۇتتىنمۇ قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ پەرمان ئىبادەت قىلغاندا سىرتقى ھالىتىمىزنىڭ يەنى ھەرىكىتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى چەكلىمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزگە قەلبىمىزدە سەممىيلىكنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، خۇدا ئۈچۈن سىرتقى قىياپىتىمىز مۇھىم ئەمەس. بەلكىم بىز چىركاۋلارغا بېرىشىمىز مۇمكىن، لېكىن بىزنىڭ ئىبادىتىمىز ھەقىقىي بولدىمۇ؟ بىز بەلكىم دۇئا ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندىمىز، لېكىن بىزنىڭ دۇئايىمىز ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلىندىمۇ؟ بىز بەلكىم «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشىمىز مۇمكىن، لېكىن خۇدا بىزگە «مۇقەددەس كىتاب» ئارقىلىق سۆز قىلىپ باقتىمۇ؟ بىزنىڭ ئېغىزىمىز خۇداغا يېقىنلاشسا، قەلبىمىز ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى («يەشايا» 29ـ باب، 13ـ ئايەت ؛«ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7ـ باب، 6ـ ئايەت). مانا بۇ ئالدامچىلىقتۇر.

(3) «مۇقەددەس نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالما»

خۇدانىڭ نامى خۇدانىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە خۇدانىڭ نامىغا ھۆرمەت قىلىشىمىزنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. بىز دۇئا قىلغاندا،

خۇدانىڭ نامى مۇقەددەس بولسۇن، دەيمىز. ئۇنىڭ مۇقەددەس نامى بىزنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىشىمىز بىلەن ھاقارەتلەنمەسلىكى كېرەك. خۇدانىڭ نامىنى قالايمىقان تىلغا ئېلىش بىزنىڭ سۆزلىرىمىزدىكى مەسىلىگىلا قارىتىلىپ قالماستىن، يەنە ئوي-پىكىرلىرىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېتىقادچىلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى بىردەك بولمىسا، بۇ خۇدانىڭ نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. خۇدانى ئاغزىمىزنىڭ ئۇچىدىلا «رەببىم» دەپ قويۇپ، ئۇنىڭغا بوي سۇنمىساق، ئۇنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزگەنلىك بولىدۇ. خۇدانى «ئاتام» دەپ ئاتاپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن يەنە گۇمانلانساق ۋە ئىككىلەنسەك، ئۇنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزگەنلىك بولىدۇ. خۇدانىڭ نامىنى قالايمىقان تىلغا ئېلىش، سۆز ۋە ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولماسلىقىدۇر، شۇنداقلا بۇ بىر ساختىلىقتۇر.

### (4) «دەم ئېلىش كۈنىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىل»

يەھۇدىيلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنى بىلەن ئېتىقادچىلارنىڭ ئىبادەت كۈنى خۇدا تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تۈزۈم ھېسابلىنىدۇ. بىر كۈننى يەتتە كۈندىن ئايرىش ئىنسانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ پىلانىدۇر. ھەزرىتى ئەيسا بۇ توغرۇلۇق تەكىتلەپ: «خۇدا ئىنسانلار ئۈچۈن دەم ئېلىش كۈنىنى بەلگىلەپ بەردى» دەيدۇ («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب،

27_ئايەت). ئادەملەرنى خۇدا ياراتقانىكەن، خۇدانىڭ دەم ئېلىش كۈننى بېكىتىشى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈندۇر. ئادەملەر دەم ئېلىشقا موھتاج، ئادەملەرنىڭ روھى خۇداغا ئىبادەت قىلىش پۇرستىگە موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەم ئېلىش كۈنى دەم ئالىدىغان ۋە ئىبادەت قىلىدىغان كۈندۇر. دەم ئېلىش كۈنى مۇقەددەس كۈندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈن باشقا كۈنلەردىن پەرقلىنىشى كېرەك. بۇ خۇداغا مەنسۇپ كۈن، ھەرگىزمۇ بىزگە مەنسۇپ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

(5) «ئاتا_ئاناڭنى ھۆرمەت قىلغىن»

بەشىنچى پەرمان بىرىنچى تاختىغا يېزىلغان بولۇپ، بىزنىڭ خۇداغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ، چۈنكى، كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاتا_ئانىمىز بىزگە نىسبەتەن خۇدانىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئۇلار خۇدانىڭ ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن ئادەملەر بولۇپمۇ ياشلار ئاتا_ئانىلىرىنى تازا ھۆرمەتلەپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئاتا_ئانىسى ئىبرىششكە تېگىشلىك مۇھەببەتنى ۋە ھۆرمەتنى ئۇلارغا بەرمەيدۇ. بىز ئۇلارنى قانچىلىك يوقلىيالىدۇق؟ ياكى ئۇلارغا خەت يازالىدۇقمۇ؟ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلارنى رەت قىلدۇقمۇ يوق؟

(6) «قاتىللىق قىلما»

بۇ پەرمان پەقەت قاتىللىق قىلىشنىلا چەكلەيدىغان پەرمان ئەمەس. ھەزرىتى ئەيسا باشقىلارغا سەۋەبسىز ئاچچىقلانغانلار ۋە باشقىلارنى خورلىغانلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 21-ئايەتتىن 26-ئايەتكىچە). يۇھاننامۇ مۇنداق يازىدۇ: «قېرىندىشىغا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشى قاتىلدۇر» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 3-باب، 15-ئايەت). مانا بۇ ناھايىتىمۇ توغرا يەكۈن. ھەر بىر ئاچچىقلىنىش، قاتتىق غەزەپلىنىش ۋە ئۆچمەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى قاتىللىق جۈملىسىگە كىرىدۇ. بىز بەلكىم باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تارقىتىپ قاتىللىق قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن، بەلكىم قەستەن بىپەرۋالىق ياكى رەھىمسىزلىك بىلەن قاتىللىق قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن. بەلكىم باشقىلارنى ياراتماي ياكى كۆرەلمەي قاتىللىق قىلغان بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ، ھەربىرىمىز يۇقىرىدا ئېيتىلغان قاتىللىقلارنىڭ بىرى ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق شەكىلدە قىلىپ باققان.

(7) «زىنا قىلما»

بۇ پەرمان يالغۇز نىكاھتىكى ساداقەتسىزلىكنىلا قارىتىلماستىن، بەلكى ئاشنىدارچىلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە تويدىن بۇرۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ۋە خالىغانچە ئىشقۋازلىق قىلىشنىمۇ ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ يەنە نىكاھتىكى شەخسىيەتچىللىكنى ھەمدە كۆپىنچە ئاجرىشىش ئىشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ھەر خىل شەھۋانىي كىتابلارنى ئوقۇپ، ئىدىيىنى چىرىكلەشتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى ئوچۇق تەلىم بەرگەن:

> «بىرەر ئايالغا شەھۋانىي كۆزى بىلەن قارىغان كىشى كۆڭلىدە ئۇ ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولىدۇ» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5_باب، 28_ئايەت).

كۆڭلىدە قاتىللىق قىلىش نىيىتىدە بولغۇچىلار قاتىللىق قىلىش گۇناھى ئۆتكۈزگەندەك، كۆڭلىدە زىنا قىلىش نىيىتىدە بولغۇچىلارمۇ زىناخورلۇق گۇناھى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

(8) «ئوغرىلىق قىلما»

ئوغرىلىق قىلىش باشقىلارغا تەۋە ياكى باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. پۇل ۋە مال_دۇنيا ئوغرىلاشلا ئوغرىلىق قىلىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە باجدىن قېچىشمۇ ئوغرىلىق ھېسابلىنىدۇ. خىزمەتتە ھورۇنلۇق قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى «غېيىپىدە سوقۇۋالدۇق» دېيىشىدۇ، لېكىن خۇدا بۇنى ئوغرىلىق، دەپ قارايدۇ.

### (9) «يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ، باشقىلارغا قەست قىلما»

ئاخىرقى بەش پەرمان باشقىلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ۋە ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەگەر بۇ قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىنسا، باشقىلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىگە بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا «قاتىللىق قىلما»، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ نام-ئابرۇيى ياكى غۇرۇرى بىلەن ئوينىتىپ «زىنا قىلما»، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە تېگىپ «ئوغرىلىق قىلما» ھەمدە ئۇلار ئۈستىدە «يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ، باشقىلارغا قەست قىلما» دېگەن پەرمانلار دەپسەندە قىلىنغان بولىدۇ. توققۇزىنچى پەرمان ئۆز نۆۋىتىدە يالغان قەسەم قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، بۇ يەنە ھەر خىل شەكىلدىكى تۆھمەت، غەيۋەت-شىكايەت، يالغان-ياۋىداق گەپ-سۆز ۋە قەستەن مۇبالىغىلەشتۇرۇش ۋە پاكىتنى بۇرمىلاش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىدە سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشمو بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ.

### (10) «نەپسانىيەتچىلىك قىلما»

بۇ قانۇن باشقىلارنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىگە، ئەر-خوتۇنلىرىغا، قۇللىرىغا، قوي-كالىلىرىغا، ياكى باشقا تەئەللۇقاتلىرىغا تەمەدە بولۇشنى چەكلەيدۇ. نەپسانىيەتچىلىك بىزنىڭ قەلبىمىزگە ۋە ئىدىيلىرىمىزگە يوشۇرۇنغان. شۇڭا، پەقەت خۇدالا بۇ گۇناھنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. بۇ خۇدانىڭ نەزىرىدە شۇنچىلىك ئېغىر

گۇناھكى، بۇ توغرىسىدا «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئاچكۆزلۈك بۇتپەرەسلىكتىن پەرقلەنمەيدۇ» («كولوسىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 3ـ باب، 5ـ ئايەت).

«تىموتىيغا يېزىلغان بىرىنچى خەت»نىڭ 6ـ باب 6ـ ئايىتىدە مۇنداقمۇ يېزىلغان:

«دەرۋەقە، خۇداغا رازىمەنلىك بىلەن ئىخلاسمەن بولغان ئادەم ھەقىقىي روناق تاپىدۇ».

بەلكىم بەزىدە ئۆزىمىزمۇ بۇنداق گۇناھنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزنى سەزمەسلىكىمىز مۇمكىن، لېكىن خۇدا ھەممىنى بىلىپ تۇردى.

دېمەك خۇدانىڭ قانۇنلىرى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قانۇنلارنىڭ مەقسىتىمۇ گۇناھنى كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەرقانداق كىشى... شۇ قانۇنغا تولۇق ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3ـ باب، 20ـ ئايەت).

بىز بەلكىم ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن ئەخلاقلىق ياشاۋاتىمەن، باشقىلاردەك ساختىپەزلىك قىلمىدىم، قىمار ئوينىمىدىم، مەن ناھايىتى سەممىي ئادەم، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى خۇدانىڭ

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئون پەرماننى ئۆلچەم قىلغان ھالدا تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىمىز.

# 6
# گۇناھنىڭ ئاقىۋىتى

بىز يۇقىرىدا گۇناھنىڭ ماھىيىتى ۋە ئومۇمىيلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىز ھەممىمىز ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بۇ تېمىنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەرزىتى ئەيسانىڭ بىزنى قۇتقۇزۇشىدىن ئىبارەت بۇ خۇش خەۋەرگە دەرھال ئۆتۈشنى خالىساقمۇ، لېكىن ھازىرچە ئۇنداق قىلالمايمىز. بىز خۇدانىڭ بىزگە ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق يارىتىپ بەرگەن پايدىلىرىدىن بەھرە ئېلىشتىن ئاۋۋال، چوقۇم گۇناھنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى يەنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز كېرەك. گۇناھنىڭ ئاقىۋىتى راستتىنلا بەك ئېغىرمۇ؟ بىز گۇناھنىڭ خۇداغا، ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا ئېلىپ كەلگەن بەختسىزلىكىدىن، بىز گۇناھنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇقلۇقىنى بىلەلەيمىز.

## (1) گۇناھ ئىنسانلارنى خۇدادىن يىراقلاشتۇردى

گۇناھنىڭ ئەڭ يامان ئاقىۋىتى شۇكى، ئۇ ئىنسانلارنى خۇدادىن ئايرىۋەتتى. بەلكىم بىز بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنزىلى خۇدانى تونۇشتۇر يەنى خۇدا بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇشتۇر. يارىتىلغان مەۋجۇداتلار ئىچىدە، بىز ئىنسانلارنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى، چۈنكى بىز خۇدانىڭ ئوبرازى بويىچە يارىتىلغان بولغاچقا، بىزدە

خۇدانى تونۇيدىغان قابىلىيەت بار. ھالبۇكى، بىز تونۇماقچى ھەم قەتئىي تونۇمساق بولمايدىغان بۇ خۇدا گۈزەل، ياخشى، ھەقىقىي، شەپقەتلىك ۋە پاك خۇدادۇر. «مۇقەددەس كىتاب» بۇ ھەقىقەتلەرنى ناھايىتى كۆپ تەكىتلەيدۇ. خۇدا بولسا:

«پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، رەبلەرنىڭ رەببى، ئۇ مەڭگۈ مەۋجۇت، ئۇنىڭ نامى مۇقەددەستۇر». («يەشايا» 57ـباب، 15ـئايەت).

«ئادەم يېقىنلىشالمايدىغان نۇر ئىچىدە ياشايدىغان...» («تىموتىيغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 6ـباب، 16ـئايەت).

«... خۇدا يورۇقلۇقتۇر، ئۇنىڭدا ھېچقانداق قاراڭغۇلۇق بولمايدۇ»

شۇنىڭ ئۈچۈن،

«ئەگەر ئۆزىمىزنى خۇداغا يېقىن دەپ تۇرۇپ، يەنىلا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، قاراڭغۇلۇقتا مېڭىۋەرسەك، يالغان ئېيتقان ۋە ھەقىقەتكە ئەمەل قىلمىغان بولىمىز» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1ـباب، 5ـئايەت).

«خۇدايىمىز ھەممىنى ھالاك قىلالايدىغان ئوتقا ئوخشايدۇ» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 12ـباب، 29ـئايەت؛ «قانۇن شەرھى» 4ـباب، 24ـئايەت).

«ئارىمىزدا كىم ئوت بىلەن مەڭگۈ بىللە تۇرالايدۇ؟» («يەشايا» 33-باب، 14-ئايەت).

«كۆزلىرىڭ پاكىز بولغاچقا، ناپاكلىقنى ۋە يامانلىقنى سىغدۇرالمايدۇ» («ھاگگاي» 1-باب، 13-ئايەت).

«مۇقەددەس كىتاب»تا خۇدانى كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن ئەۋلىيالاردىن خۇدانى كۆرگەن چېغىدا، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلمىغان ۋە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالمىغانلاردىن زادى كىم بار؟ خۇدا كۆيۈۋاتقان تىكەنلىك ئارىسىدىن مۇسا پەيغەمبەرگە كۆرۈنگەن چاغدا، مۇسا پەيغەمبەر «خۇدادىن قورققىنىدىن، يۈزىنى يېپىۋالغان». خۇدا «شامال ئىچىدە» ئەييۇپقا گەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەكلىكىنى نامايەن قىلغاندا، ئەييۇپ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

«مەن ئىلگىرى سېنى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، مەن مانا ھازىر سېنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۆزۈمدىن يىرگىنىمەن، مەن چاڭ-توزان ئىچىدە پۇشايمان قىلماقتىمەن» دېگەنىدى.

يەشايا ياش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئەمدىلا باشلىغان مەزگىللەردە، خۇدانىڭ ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى سۈپىتىدە «شان-شەرەپ تەختىدە»

ئولتۇرغانلىقىنى ۋە ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭ شەنىگە ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

«ماڭا بالا-قازا كەلدى، مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، چۈنكى مەن ئاغزى بۇزۇق بىر ئادەممەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاغزى بۇزۇق خەلق ئارىسىدا ياشاۋاتىمەن. چۈنكى، مەن شاھىنشاھ پەرۋەردىگارنى كۆردۈم ئەمەسمۇ؟!» دېگەنىدى.

ئەزاكىيال پەيغەمبەر كۆرگەن ۋەھىيسىدە قاناتلىق جانلىق، ئايلىنىدىغان چاق ۋە تەخت، تەختنىڭ ئۈستىدە ئادەمنىڭ قىياپىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەيلەن، بۇنىڭ ئەتراپىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئوت ۋە ھەسەن-ھۈسەنلەر بار ئىدى. ئۇ بۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ يارقىن سىماسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋىدى-دە، «ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تەزىم قىلدى». ئېتىقادچىلارغا تەلۋىلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان سائۇل دەمەشققە كېتىۋاتقىنىدا يەرگە يىقىلدى ھەم ئاسماندىن چۈشكەن كۈچلۈك نۇر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى قارىغۇ قىلدى. كېيىن ئۇ تىرىلگەن ئەيسانى كۆرگەندىن كېيىن: «ئۇ ماڭا كۆرۈندى» دېدى. ياشىنىپ قالغان يۇھاننا پاتموس ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. يۇھاننا ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ تىرىلىپ شان-شەرەپ قازانغان ئەيسانى كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى ۋەھىينى تەپسىلىي خاتىرىلەپ: « كۆزلىرى گويا يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتتەك ... چىرايىدىن چىڭقى چۈش ۋاقتىدىكى قۇياشتەك نۇر يېغىپ تۇراتتى» دەپ يېزىپ، بىزگە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنى كۆرگىنىمدە،

پۇتلىرىغا ئۆزۈمنى ئۆلۈكتەك تاشلىۋەتتىم». («مىسىردىن چىقىش خاتىرىسى» 3-باب، 1-ئايەتتىن 6-ئايەتكىچە؛ «ئەييۇپ» 42-باب، 5- ۋە 6-ئايەت؛ «يەشايا» 6-باب، 1-ئايەتتىن 5-ئايەتكىچە؛ «ئەزاكىيال» 1-باب، 26-ئايەتتىن 28-ئايەتكىچە؛ «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 9-باب، 1-ئايەتتىن 9-ئايەتكىچە «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15-باب، 8-ئايەت؛ «ۋەھىيلەر» 1-باب، 9-ئايەتتىن 17-ئايەتكىچە قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىڭ).

گۇناھقا پاتقان بىزلەر مۇقەددەس خۇداغا يېقىنلىشالمايمىز. خۇدانىڭ ئادالىتى بىلەن ئادەمنىڭ گۇناھى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ بار.

«ھەققانىيلىق بىلەن ھەققانىيسىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ ئورتاقلىق بولسۇن!؟
يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق قانداقمۇ چىقىشالىسۇن!؟» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» 6-باب، 14-ئايەت).

گۇناھ بىزنى خۇدادىن ئايرىۋەتتى. گۇناھ ساقلانغۇسىز ئايرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ ئايرىلىش دەل ئۆلۈمدۇر.

«گۇناھنىڭ بەدىلى ئۆلۈمدۇر» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 6-باب، 23-ئايەت).

ئەگەر بۇ دۇنيا كىشىلىرى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولغان ئەيسا مەسىھنى قەستەن رەت قىلسا، ئاخىرەتتە مەڭگۈ ئۆلىدۇ. دوزاخ قورقۇنچلۇق ئەمەلىيەتتۇر. باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، دوزاخنى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ھەزرىتى ئەيسا دوزاخ توغرۇلۇقمۇ توختالغان. ئۇ دوزاخنى دائىم: «قاراڭغۇلۇق» دەپ ئاتايتتى («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 25ـ باب، 30ـ ئايەت)، چۈنكى، دوزاخنىڭ يورۇقلۇق بولغان خۇدا بىلەن ئارىلىقى چەكسىزدۇر.

يەشايا پەيغەمبەر مۇنداق يازىدۇ:
«پەرۋەردىگارنىڭ قانتى سىلەرنى قۇتقۇزالماس دەرىجىدە قىسقىرىپ كەتكىنى، قۇلىقى گېپىڭلارنى ئاڭلىمىس بولۇپ قالغىنى يوق. لېكىن، سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلار سىلەرنى خۇدادىن ئايرىدى، سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلار ئۇنى قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، گېپىڭلارنى ئاڭلىمايدىغان قىلىپ قويدى» («يەشايا» 59ـ باب، 1ـ ۋە 2ـ ئايەت).

بىز خۇداغا دائىم: «سەن قارا بۇلۇت بىلەن ئۆزۈڭنى توسۇۋالغاچقا، بىزنىڭ دۇئايىمىز ساڭا يەتمەيۋاتىدۇ» دەيمىز. («يىغا ـ زار» 3ـ باب، 44ـ ئايەت). بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇ قارا بۇلۇتنىڭ خۇدا بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇنى بىز ئۆزىمىز پەيدا قىلغان. خۇددى قارا بۇلۇت قۇياش يۈزىنى ئېتىۋالغاندەك، بىزنىڭ

گۇناھلىرىمىزمۇ خۇدانىڭ يۈزىنى توسۇۋالدى.

مانا بۇ جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ قايغۇسىنىڭ سەۋەبى. ئادەمنىڭ قەلبىدە بىر خىل تەشنالىق بولىدۇ، بۇنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم قاندۇرالمايدۇ. ئادەمنىڭ روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بوشلۇق مەۋجۇت، پەقەت خۇدالا بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالايدۇ.

## (2) گۇناھ ئىنسانلارنى شەخسىيەتچىلىككە ئەسىر قىلىۋالدى

گۇناھ ئايرىش كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئادەمنى قۇل قىلالايدۇ. ئۇ بىزنى خۇدادىن ئايرىدى ھەم بىزنى ئەسىرگە ئېلىپ تۇتقۇن قىلدى. ئەمدى بىز گۇناھنىڭ «ئىچكى خاراكتېرى»نى كۆرۈپ ئۆتمەكچىمىز. گۇناھ پەقەت سىرتقى ھەرىكەتنىڭ بىر خىل قەبىھ ئىپادىسى ياكى ئادەت ئەمەس. ئۇ ئۇستىخان-ئۇستىخانلىرىمىزغىچە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، قەلبىمىزنىڭ چىرىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىز ئىچكى ئورگانلىرىمىزنىڭ ھەم ئەخلاقىمىزنىڭ كېسەللىك ئالامىتىدۇر. ھەزرىتى ئەيسا مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرگەنىدى. مېۋىنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى (مەيلى ئۇ ئەنجۈر ياكى ئۈزۈم بولسۇن)، پۈتۈنلەي دەرەخنىڭ سۈپىتى ۋە ماھىيىتى (ياخشى ياكى يامان بولۇشى) تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆڭۈلدە نىمە بولسا، ئېغىزدىن شۇ چىقىدۇ

(«مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12_باب، 33_ئايەتتىن 35_ئايەتكىچە). بۇ نۇقتىدا، ئەيسا مەسىھنىڭ قارىشى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن ئىسلاھاتچىلار ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ پىكىرلىرى بىر_بىرىگە زىت كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىمىزغا بىزنىڭ ئالغان تەربىيىمىز، شارائىتىمىز، بىز ياشاۋاتقان سىياسىي تۈزۈم ۋە ئىقتىساد قاتارلىقلار تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز چوقۇم باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە بەخت ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە شۇنى دېمەكچىمىزكى، ھەزرىتى ئەيسا ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەسكىلىكلەر ھەرگىزمۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ كەمچىللىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىدىن يەنى يۈرىكىدىن چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

> «چۈنكى، يامان نىيەت، جىنسىي ئەخلاقسىزلىق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، زىناخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، يامانلىق، ھىيلىگەرلىك، شەھۋانىيلىق، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىكلەر ئىنساننىڭ ئىچىدىن، يەنى قەلبىدىن چىقىدۇ. بۇ يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7_باب، 21_ئايەتتىن 23_ئايەتكىچە).

«كونا ئەھدە»دىمۇ بۇ ھەقىقەتلەر توغرىسىدا تەلىم بېرىلگەن بولۇپ، يەرەميا پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسان قەلبى ھەممىدىن بەك ئالدامچى بولۇپ، ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان، كىممۇ ئۇنى بىلەلىسۇن؟» («يەرەمىيا» 17ـباب، 9ـئايەت).

شۇنداق، «مۇقەددەس كىتاب» كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ خىل كىبىسەللىك باكتېرىيىسى ياكى «گۇناھنىڭ يىلتىزى» توغرىسىدا كۆپ قېتىم توختىلىدۇ. ئۇ شەخسىيەتچىلىكنىڭ بىر خىل يۈزلىنىشى ياكى خاھىشى بولۇپ، ئۇ تۇغۇلۇشىمىزدىنلا بىزنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرىمىزنى ئىگىلىۋالىدۇـدە، تۈمەن مىڭ خىل ئىپلاسلىق شەكىللىرى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. پاۋلۇس گۇناھنى «شەھۋانىي نەپس» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان «ھەرىكەتلىرى» ياكى مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«ئىنساننىڭ گۇناھكار تەبىئىتىگە باش ئېگىشى جىنسىي ئەخلاقسىزلىق، ناپاكلىق، شەھۋانىيلىق، بۇتپەرەسلىك، سېھىرگەرلىك، ئۆچمەنلىك، ئۇرۇشقاقلىق، قىزغانچۇقلۇق، غەزەپلىنىش، شەخسىيەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، گۇرۇھۋازلىق، ھەسەتخورلۇق، ھاراقكەشلىك، ئەيشـئىشرەت قاتارلىق گۇناھلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇرۇنقىدەك يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا ئورۇن يوق»

(«گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 19-ئايەتتىن 21-ئايەتكىچە).

بىزنىڭ بۇنداق چۈشەككە چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى گۇناھنىڭ ئادەمنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چىرىتكەنلىكىدۇر. بىزنى قۇل قىلىۋاتقىنى پەقەت مەلۇم ھەرىكەت ياكى ئادەت ئەمەس، بەلكى بۇ نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللىك باكتېرىيىسىدۇر. «يېڭى ئەھدە»دە ئىنسانلار دائىم «قۇل»، دېيىلىدۇ. بىز ھەممىمىز بۇنداق ئاتىلىشنى ياخشى كۆرمەيمىز. لېكىن، بۇ ئەمەلىيەت. بىر قېتىم، ھەزرىتى ئەيسانىڭ پەرىسىيلەرگە دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانىدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا:

«ئەگەر مېنىڭ تەلىمىم بويىچە ئىش كۆرسەڭلار، مېنىڭ ھەقىقىي شاگىرتلىرىم بولىسىلەر. ھەقىقەتنى بىلىسىلەر ۋە ھەقىقەت سىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ، دېدى.

بىز ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىمىز، دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار، ھېچقاچان ھېچكىمگە قۇل بولمىدۇق. سىزنىڭ: ھەقىقەت سىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟

بىلىپ قويۇڭلاركى، گۇناھ سادىر قىلغان كىشى گۇناھنىڭ قۇلىدۇر، دېدى ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 31-ئايەتتىن 34-ئايەتكىچە).

پاۋلۇسمۇ ئۆزىنىڭ خەتلىرىدە گۇناھنىڭ بىزنى قۇل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىچىنىشلىق ئەھۋالنى مۇنداق خاتىرىلىگەندى:

«سىلەر بۇرۇن گۇناھنىڭ قۇلى ...» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 6ـباب، 17ـئايەت).

«بۇرۇن ھەممىمىز ھەم شۇنداق ياشىغانىدۇق. ئۆز گۇناھكار تەبىئىتىمىزنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ، شەخسىيەتچىلىككە تولغان ئوي-خىياللىرىمىز بويىچە ياشايتتۇق» («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2ـباب، 3ـئايەت).

«بىر چاغلاردا بىزمۇ نادان ئىدۇق. بىزمۇ خۇداغا بويسۇنمايدىغان، ئازدۇرۇلغان، ھەر خىل ئارزۇ-ھەۋەسلەرنىڭ قۇلى بولغان» («تىتۇسقا يېزىلغان خەت» 3ـباب، 3ـئايەت).

ياقۇپمۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمايدىغانلىقىمىز توغرىسىدا سۆزلەپ، تىلىمىزنى كونترول قىلىشىمىزنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى يازىدۇ. «تىلدا خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن كىشى پىششىق يېتىلگەن كىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ». ئۇ يەنە «تىل تېنىمىزدىكى شۇنچە كىچىك بىر ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن چوڭ ئىشلارغا سەۋەب بولالايدۇ» دەپ يازىدۇ. تىل دەل ئوتقا ئوخشايدۇ.

> «تىل تىزگىنلىگۈسىز ئوسال نەرسە بولۇپ، ئۇ جانغا زامىن بولىدىغان زەھەر بىلەن تولغان».

> «ئىنسانلار ياۋايى ھايۋاناتلار، ئۇچارقاناتلار، يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلار ۋە سۇ مەخلۇقاتلىرىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئاللىبۇرۇن تىزگىنلىدى. ئەمما تىلنى ھېچكىم تىزگىنلىيەلمەيدۇ» («ياقۇپ يازغان خەت» 3ـباب، 7ـئايەتتىن 8ـئايەتكىچە).

بىز بۇ گەپلەرنى كۆپ ئاڭلاۋېرىپ، بۇ گەپلەر قۇلىقىمىزغا سىڭىپمۇ كەتتى. بىزنىڭ ئالىي غايىمىز بار، لېكىن بىزدىكى ئىدراك بەكمۇ كەمچىل. بىز تۇرمۇشىمىز ئاسايىشلىقتا ئۆتكۈزۈشنى ئويلايمىز يۇ، لېكىن قەلبىمىز شەخسىيەتچىلىك تەرىپىدىن مەھكەم بەنت قىلىنغان. مەيلى بىز ئۆزىمىزنى قانچىلىك ئەركىن، دەپ ئويلىمايلى، بىز ماھىيەتتە يەنىلا قۇل.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرساقمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ بىز خۇدانىڭ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشقا ئامالسىزمىز. خۇدا بىزگە قايتا ـ قايتا: «قىلساڭ بولمايدۇ» دېگەننى بىز يەنىلا قىلىۋاتىمىز. بىز تەربىيىگە ئەمەس، بەلكى قۇتقۇزۇلۇشقا موھتاج. بىزگە تەربىيە قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، مۇھىمى بىز قەلبىمىزدىن ئۆزگىرىشىمىز كېرەك. ئىنسانىيەت ماددىي دۇنيادىكى غايەت زور كۈچنى يەنى ئاتومنىڭ كۈچىنى تاپتى، ئەمدى ئىنسانلار روھىي كۈچنى

تېپىپ، ئۆز شەخسىيەتچىلىكىدىن ئازاد بولۇشقا، ئۆزىنى يېڭىشكە ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىشقا موھتاج.

### (3) گۇناھ باشقىلار بىلەن توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

گۇناھنىڭ بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن يامان ئاقىۋەتلىرى ئىچىدە، بىز چوقۇم ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ گۇناھنىڭ بىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدۇر. گۇناھ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان كىسەللىك باكتېرىيىسىدۇر. ئۇ ئادەم خاراكتېرىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنۇپ، ئادەمنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىز گۇناھنى دەل ئۆزىمىزدە، دەپ ئېيتالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، خۇداغا ۋە باشقىلارغا قارشى چىقىشتىن ئىبارەتتۇر. «ئون پەرمان» بىزنىڭ خۇداغا ۋە ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا «لاۋىيلار» 19-باب، 18-ئايەت ۋە «قانۇن شەرھى» 6-باب، 5-ئايەت قاتارلىق ئايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق، بۇ ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئېنىقلىققا ئىگە قىلدى:

«پەرۋەردىگارىڭ بولغان خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ،
پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن.
ئالدىنقى ۋە ئەڭ مۇھىم ئەمر مانا شۇ. ئۇنىڭغا

ئوخشاش مۇھىم يەنە بىر ئەمر بولسا قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي. پۈتۈن تەۋرات قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى بۇ ئىككى ئەمرنى ئاساس قىلغان» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 22ـ باب، 37ـ ئايەتتىن 40ـ ئايەتكىچە).

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ بىرىنچى مەسئۇلىيىتىمىز خۇداغا قارىتىلغان بولۇشى، ئاندىن بىز قوشنىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئالدى بىلەن خۇدانى سۆيۈشىمىز، ئاندىن قوشنىمىزنى ئۆزىمىزنى سۆيگەندەك سۆيۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا بېكىتكەن تەرتىپ ئالدى بىلەن خۇدا ئۆزى، ئاندىن قوشنىمىز، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆزىمىز بولۇشى كېرەك. ئەمما، گۇناھ بۇ تەرتىپنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋەتتى. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋالدۇق، ئاندىن باشقىلارنى ئويلاشتۇق، خۇدانى بولسا بىر چەتكە قايرىپ قويدۇق. ئۆزىمىزنى مەركەز قىلىشتەك بۇ خىل ئىدىيە بىزنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشىمىزمۇ ناھايىتى تەس بولىدۇ. باشقىلارنى كەمسىتىمىز، شەكسىزكى باشقىلارغا ھەسەت قىلىمىز؛ ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتىمىز، شەكسىزكى ئۆزىمىزنى كەمسىتىمىز. بىزنىڭ پاۋلۇسنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۆگىنىشىمىز بەكمۇ يېتەرسىز:

«ئۆزۈڭلارنى ئارتۇقچە باھالىماڭلار. ئەكسىچە، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن خۇدا سىلەرگە بەرگەن ئېتىقاد جەھەتتىكى قابىلىيىتىڭلارغا قاراپ، ئۆزۈڭلارنى دەڭسەپ كۆرۈڭلار» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 12-باب، 3-ئايەت).

تۈرمۈشتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر، مەسىلەن ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، خوجايىن بىلەن خىزمەتكار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ناھايىتىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدە ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار، ئەمما كۆپىنچىسىگە ئائىلە كاپالىتىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى سەۋەبچىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بارلىق جىنايەتچىلەرنىڭ (ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش سەۋەبىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ھەممىسى ئۆزىنى چوڭ كۆرۈپ، جەمئىيەتكە قارشى چىققۇچىلاردۇر. ئەگەر ئادەم ئۆزىنى كەمتەر تۇتالىسا، نۇرغۇنلىغان ئاجرىشىش تراگېدىيىلىرى يۈز بەرمىگەن، ئۇلارنىڭ نىكاھى بۇزۇلمىغان بولاتتى. كۆپىنچە ماجىرالار بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، ھالبۇكى بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىك باشقىلارنىڭ پىكرىنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ. بىز توختىماي نەزەرىيە سۆزلەشكە بەك ئۇستا، ئەمما باشقىلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئانچە قوبۇل قىلىپ كەتمەيمىز. سودا-سانائەت كەسپىدىكى ماجىرالارمۇ شۇنداق، ئائىلىدىكى ماجىرالارمۇ

ھەم شۇنداق. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى توقۇنۇشلاردىمۇ، ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۆزىمىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرسەك، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن تەھلىل قىلساق، ماجىرالىرىمىز ھەل بولغان بولاتتى. لېكىن، بىز مۇنداق قىلىشنى خالىمايمىز، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە نىسبەتەن قورسىقىمىز بەكمۇ كەڭ، بىراق باشقىلارغا كەلگەندە تىرناقنىڭ ئاستىدىن كىر ئىزدەيمىز. خەلقئارادىكى مۇرەككەپ تالاش-تارتىشلارمۇ دەل شۇنداق. بىز ئۆزىمىزنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋېتىمىز، بىراق باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىپلا تۇرىمىز.

بىز بۇ يەردە ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى يەنى ئىنسانىيەتتىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىنسانىيەت تراگېدىيىسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار بىر-بىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلمەيدۇ.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ موھتاج بولغىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگىرىشتۇر، خۇددى پروفېسسور گۋاتكىن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ماڭىلا بولسۇن دېيىشتىن، باشقىلارغا بولسۇن، دېيىشكە ئۆزگىرىشىمىز كېرەك». ئەمما، بۇنى ئىنسانلار ھەرگىز ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئىنسان ھەرگىزمۇ ئۆز-ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلالمايدۇ-دە. دېمەك، ئىنسانلار بىر قۇتقۇزغۇچىغا موھتاجدۇر.

بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى ئېچىپ بېرىشىمىزدىكى مەقسەت پەقەت بىرلا يەنى ئۇ بىزنىڭ ئەيسا مەسىھكە ھەقىقەتەن موھتاج ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ھەم ئەيسا مەسىھنىڭ بىزگە قىلغان

ئىلتىپاتلىرىنى چۈشىنىش، شۇنداقلا ئۇنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ھەر ۋاقىت ھازىرلاش. ئېتىقاد ئېھتىياجىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بىز گۇناھىنىڭ ئىلكىدىن ئۆزىمىزگە تايىنىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشەنمىسەك، ئەيسا مەسىھنى مەڭگۈ قوبۇل قىلالمايمىز. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «ساغلام ئادەم ئەمەس، بەلكى كېسەل ئادەم تېۋىپقا موھتاجدۇر. مەن ئۆزلىرىنى دۇرۇس ھېسابلايدىغانلارنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇيدىغانلارنى چاقىرغىلى كەلدىم» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب، 17-ئايەت).

بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ كېسىلىنى ئېنىق بىلەلىگەن ۋە ئۇنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يېتەلىگەن چاغدىلا، دوختۇرغا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز.

# 7
# مەسىھنىڭ ئۆلۈمى

ئېتىقادىمىز ئادەملەرنى گۇناھنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزىدىغان ئېتىقادتۇر. ئېتىقادىمىز: «خۇدا ھەزرىتى ئەيسا ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانلارنى قۇتقۇزدى» دەپ جاكارلايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» باش تېمىسى مۇنداق:

« ئۇنىڭغا ئەيسا مەنىسى پەرۋەردىگار قۇتقۇزىدۇ دەپ ئىسىم قويىغىن» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1ـباب، 21ـئايەت).

«ئىنسانئوغلى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئازغان ئادەملەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19ـباب، 10ـئايەت).

«ئەيسا مەسىھ گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى دېگەن بۇ سۆز ھەقتۇر ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا پۈتۈنلەي ئەرزىيدۇ» («تىموتىيغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 1ـباب، 15ـئايەت).

«ئەرشتىكى ئاتىمىز ئۆز ئوغلى ئەيسا مەسىھنى بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولۇشقا ئەۋەتتى. بۇنى بىز كۆردۇق ھەم بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 4ـباب، 14ـئايەت).

بىز ئالدىنقى بابتا گۇناھنىڭ ئىلىپ كېلىدىغان ئۆچ خىل ئاقىۋەتنى تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇق. بىز يەنە بۇ يەردە ئىپتىلىۋاتقان «قۇتقۇزۇش» بىزنى يۇقىرىقى ئۆچ خىل ئاقىۋەتتىن قۇتقۇزۇپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ تەھلىل قىلىغانىدۇق. بىز قۇتقۇزغۇچى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق سۆرگۈنلۈكتىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، خۇدا بىلەن يارىشىپ قالدۇق. بىز قايتىدىن تۇغۇلۇپ ، يېڭى «خاراكتېر»گە ئىگە بولدۇق ھەمدە ئەخلاق جەھەتتىكى بېسىمدىن ئازاد قىلىندۇق. بىز يەنە مۇھەببەتنى جېدەل ـ ماجىرالىرىمىزغا ئالماشتۇردۇق. قۇتقۇزۇلۇشتا تۆۋەندىكىدەك ئۆچ تەرەپ بولىدۇ. بىرىنچى، قۇتقۇزۇلۇش ئىشى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ ئىككىنچى، مەسىھ مۇقەددەس روھنى ئەۋەتتى؛ ئۈچىنچى، ئىتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدۇر. بۇ بابتا بىز بىرىنچى تەرەپنى مەركەزلىك ئويلىشىمىز، كېيىنكى بابتا قالغان ئىككى تەرەپ توغرۇلۇق توختىلىمىز.

پاۋلۇس ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى «كىشىلەرنى ئۆزى (خۇدا) بىلەن يارىشىشقا چاقىرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» 5 ـ باب، 18 ـ ئايەت) ھەم ئۆزى يەتكۈزۈۋاتقان خۇش خەۋەرنى «ياراشتۇرۇلۇش ھەققىدە» دەپ ئاتايدۇ (5 ـ باب، 19 ـ ئايەت). پاۋلۇس بۇ ئايەتلەردە «ياراشتۇرۇلۇش»نىڭ مەنبەسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. «بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدادىندۇر. خۇدا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بىزنى ئۆزى بىلەن ياراشتۇردى» (5 ـ باب، 18 ـ ئايەت). خۇدا،

ئىنسانلارنى «ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ياراشتۇردى» (5-باب، 19-ئايەت). ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمى ئارقىلىق ھەممە ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مەڭگۈلۈك بولغان خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن بولغانىدى. ئەگەر بۇ نۇقتا مەسىھنىڭ ئۆلۈمىگە ياكى ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىغا ئالاقىدار ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشتە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلمىسە، «مۇقەددەس كىتاب» تەلىمىگە ساداقەتسىزلىك قىلىنغان بولىدۇ.

«چۈنكى، خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيىدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىر كىشى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن، ئۇنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتىپ بەردى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 16-ئايەت).

«خۇدا ئۆزىنىڭ بارلىق مۇكەممەل تەبىئىتىنىڭ ئۇنىڭدا بولۇشىدىن سۆيۈندى. ھەمدە ئۇ ئارقىلىق يەر يۈزى ۋە ئەرشتىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئۆزى بىلەن ياراشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كرېستتە ئاققۇزغان قېنى ئارقىلىق ئىناقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىنمۇ سۆيۈندى» («كولوسىلىقلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب، 19- ۋە 20-ئايەت).

بىز بۇ يەردە «ياراشتۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنىمۇ ئېنىق چۈشىنىشىمىز لازىم. بۇ خۇدا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى كۆرسىتىدۇ («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 11-ئايەت). بىز بۇنىڭغا

ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئېرىشەلمەيمىز، بەلكى بۇ خۇدانىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتىدۇر. گۇناھ بىزنى خۇدادىن ئايرىۋەتكەندى، كىرىست ۋە مەسىھنىڭ مىخلىنىپ ئۆلۈشى بۇ «يارىشىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. گۇناھ ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغانىدى، ئەمما كرىست تىنچلىق ئېلىپ كەلدى. گۇناھ ئىنسانلار بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا قىلغانىدى، بىراق كرىست كۆۋرۈك بولدى. گۇناھ ئىككى تەرەپنىڭ بېرىش-كېلىشىنى بۇزۇۋەتكەنىدى، لېكىن كرىست بېرىش-كېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇددى پاۋلۇس «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت»تە ئېيتقاندەك:

«گۇناھنىڭ بەدىلى ئۆلۈم. بىراق، خۇدانىڭ رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بىزگە ئاتا قىلغان سوۋغىتى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتۇر» (6-باب 23-ئايەت).

نېمە ئۈچۈن قۇتقۇزۇلۇش ئىشىدا چوقۇم كرىست بولۇشى كېرەك؟ كرىست ئېتىقادىمىز ئۈچۈن راستتىنلا بەك مۇھىممۇ؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىنى زادى نېمە؟ بىز تۆۋەندە كرىستنى مەركەز قىلغان تەلىم ۋە كرىستنىڭ ماھىيىتىنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىمىز.

### (1) كرىستنى مەركەز قىلىش

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى گۇناھ ئۈچۈن بېرىلگەن قۇربانلىقتۇر. مانا بۇ «مۇقەددەس كىتاب»تىكى خۇش

خەۋەرنىڭ مەركىزى. بىز بۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، چوقۇم «كونا ئەھدە»گە قايتىشىمىز كېرەك. «كونا ئەھدە»دىكى دىن قۇربانلىقنى ئاساس قىلىدىغان دىن ئىدى. ئەڭ دەسلەپتە، قۇربانلىق قىلىش ھابىلنىڭ قۇربانلىق قىلىشىدىن باشلانغان:

> «ھابىلمۇ قوي پادىسى ئىچىدىن تۇنجى تۇغۇلغان قوزىلارنى سويۇپ، تازا سېمىز يېرىدىن پەرۋەردىگارغا تەقدىم قىلدى. پەرۋەردىگار ھابىلنى ۋە ئۇنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلدى»

(«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 4-باب، 4-ۋە 5-ئايەت)تىن باشلاپ، خۇدانى ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر ئۆز قۇربانلىقلىرىنى خۇداغا تەقدىم قىلىپ كەلگەنىدى. مۇسانىڭ قانۇنى تېخى تۇرغۇزۇلمىغان ۋاقىتتىلا، قۇربانلىق سۇپىسى بار بولۇپ، ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىدىغان، قان قىلىدىغان ئىشلار مەۋجۇت ئىدى ھەم بۇ ئىشلار ئاللىقاچان ئادەتكە ئايلانغانىدى. لېكىن، خۇدا ئىسرائىللار بىلەن سىنا تېغىدا ئەھدە تۈزگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن، لېكىن قائىدە قىلىپ بېكىتىلمىگەن بۇ ئادەت مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە خۇدانىڭ قانۇنلىرى ئارقىلىق رەسمىي يوسۇندا بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇربانلىق قىلىش رەب ئەيسادىن كېيىنكى يەتمىش يىلدىن تاكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا چېقىۋېتىلگۈچە داۋاملىشىپ كەلدى. ھەربىر يەھۇدىي كۆيدۈرۈلمە قۇربانلىق، گۇناھنى تىلەش

قۇربانلىقى ۋە مۇشۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەزىر-چىراق ئىشلىرىنى، شۇنداقلا مۇشۇ قۇربانلىقلار قىلىنىدىغان ھەربىر يىل، ھەربىر ئاي، ھەربىر كۈندىكى ئالاھىدە سورۇنلارنى بەكمۇ پىششىق بىلەتتى. ھەرقانداق بىر يەھۇدىي، مەيلى ئۇ قانچىلىك نادان بولسۇن، مانا بۇ خىل تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك مۇراسىمدىن ئەڭ ئاساسلىق بىر خىل تەلىمنى يەنى «ھاياتلىق قانىنىڭ ئىچىدە» («لىۋىلىقلار» 17-باب، 11-ئايەت)، «قۇربانلىق قېنى تۆكۈلمەي، گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 9-باب، 22-ئايەت) دېگەن تەلىمنى ئۆگىنىۋالماي قالمايتتى.

«كونا ئەھدە»دىكى قۇربانلىقلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇربان بولىدىغانلىقىغا قارىتا كۆرگىلى بولىدىغان بەلگە ئارقىلىق بېرىلگەن ئالدىن بېشارەتتۇر، لېكىن داۋۇت پەيغەمبەر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر «سۆز» ئارقىلىق مەسىھنىڭ قۇربان بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەنىدى. «زەبۇر»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدىن، ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ سىماسىدىن ئەيسا مەسىھنى كۆرەلەيمىز. «زەبۇر»دىكى بۇ ئايەتلەر كېيىن ئەيسا مەسىھتە ئىسپاتلىنىپ چىقتى. بىز يەنە زەكەرىيا پەيغەمبەر تەسۋىرلىگەن پادىچىنىڭ سىماسىدىن ئەيسا مەسىھنى كۆرەلەيمىز. («زەكەرىيا» 13-باب، 7-ئايەت؛ «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 27-ئايەتتىن پايدىلىنىڭ). دانىيال پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدا يېزىلغانلىرىمۇ ئەيساغا قارىتىلغان (9-باب، 25- ۋە

26ـ ئايەت). يەشايا پەيغەمبەرنىڭ يازغىنى تېخىمۇ ئېنىق:

«ئۇ باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن تاياق يېدى، ئۇ خۇددى بوغۇزلانغىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان قويدەك، كۆپچىلىكنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى (53ـ باب).

شۇنداق،

«مۇقەددەس يازمىلاردا ئالدىن مۇنداق خاتىرىلەنگەن: قۇتقۇزغۇچى ـ مەسىھ ئازاب چېكىپ، ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈمدىن تىرىلىدۇ» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24ـ باب، 46ـ ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئىرادە قىلىنغان ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە «مۇقەددەس كىتاب» ئۆزى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى ھەم «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. سىمۇننىڭ قەيسەرىيىنىڭ فىلىپى رايونىدا ھەزرىتى ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋاقتى دەل ھەزرىتى ئەيسانىڭ خىزمىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

«ئاندىن، ھەزرىتى ئەيسا ئىنسانئوغلىنىڭ نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىشى، ئاقساقاللار،

ئالىي روھانىيلار ۋە تەۋرات ئۇستازلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنىشى، ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلۈشى كېرەكلىكىنى شاگىرتلىرىغا ئۇقتۇرۇشقا باشلىدى» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 31-ئايەت).

بىزگە ھەزرىتى ئەيسانىڭ تەلىملىرىدە دائىم ئۇچرايدىغىنى مانا مۇشۇ «چوقۇم»دۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «قاتتىق جاپادا چۆمۈلۈشى» كېرەكلىكىنى، بۇ جاپادىن ئۆتكۈچە قاتتىق قىينىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12-باب، 50-ئايەت). ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقىت-سائىتى كەلگۈچە، ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى. «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»دە ئۇ نەچچە قېتىم «مېنىڭ ۋاقىت-سائىتىم تېخى توشمىدى» دېگەنىدى، ئۇ تاكى تۇتقۇن قىلىنىپ، كرېست ئېلىپ كېلىنگەندىلا، ئاندىن:

«ئى ئاتا، مېنىڭ ۋاقىت-سائىتىم يېتىپ كەلدى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 17-باب، 1-ئايەت) دېگەنىدى.

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزى ئۇچرايدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

«ھازىر كۆڭلۈم قاتتىق ئازابلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دېيىشىم كېرەك؟ ئاتا، مېنى كېلىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلىك ۋاقىت-سائەتتىن قۇتقۇز!

دەيمۇ؟ ياق! مەن شۇ ۋاقىت-سائەتنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم. ئاتا، ئۇلۇغلۇقۇڭنى كۆرسەتكىن!» دېگەندى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12-باب، 27- ۋە 28-ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسا تۇتقۇن قىلىنىدىغان چاغدا، سىمون قىلىچىنى چىقىرىپ ئۇنى قوغدىماقچى بولۇپ، باش روھانىينىڭ خىزمەتچىسىنىڭ قۇلىقىنى كېسىۋېتىدۇ، بۇ چاغدا ھەزرىتى ئەيسا سىموننى ئەيىبلەپ: «قىلىچنى غىلىپىڭغا سال! مېنى ئاتام ئەمر قىلغان بۇ ئازاب قەدەھىنى ئىچمەيدۇ دەمسەن؟» دېدى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 18-باب، 11-ئايەت). مەتتامۇ مۇنداق خاتىرىلىگەن:

«خالىسام، ئۇ ماڭا شۇئان ئون ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. بىراق، ئەگەر مەن ئۇنداق قىلسام، مۇقەددەس يازمىلاردىكى چوقۇم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى سۆزلەر قانداق ئەمەلگە ئاشسۇن؟» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 26-باب، 53-ۋە 54-ئايەت).

«يېڭى ئەھدە» ئاپتورلىرى «كونا ئەھدە»دە ئالدىن بېشارەت قىلىنغان ئىشلار بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ تەلىمدىكى كرېستىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. خۇش خەۋەر كىتابلىرىنىڭ ئاپتورلىرى ھەزرىتى

ئەيسا كرىستقا مىخلىنىشتىن بۇرۇنقى بىر ھەپتە ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھەم ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كەڭ كۆلەمدە خاتىرىلىگەن. ھەزرىتى ئەيسانىڭ شەرەپ بىلەن يېرۇسالېمغا كىرىشىدىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگىنىگىچە بولغان ئىشلار «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى، «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى، «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نىڭ ئۈچتىن بىرىنى، «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نىڭ يىرىمدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ يېرىمى «مۆجىزە قىسمى» بولسا، يېرىمى «ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىش قىسمى» دۇر.

خۇش خەۋەر كىتابلىرىدا بېشارەت قىلىنغان ئىشلار «خەتلەر»دە تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بولۇپمۇ پاۋلۇسنىڭ يازغان خەتلىرىدە بەك ئېنىق كۆرسىتىلگەن. پاۋلۇس ئوقۇرمەنلەرنى قىلچە زېرىكمەستىن كرېستنى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆلگەن رەبكە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

> «مېنى سۆيگەن ۋە مەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان...» («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 2 ـ باب، 20 ـ ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن، پاۋلۇس «ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، رەببىمىز ئەيسانىڭ كرېستىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بىلەن ماختانمايمەن» دەيدۇ. پاۋلۇس كورىنتلىقلارغا يازغان بىرىنچى خېتىدە مۇنداق دەيدۇ:

«يەھۇدىيلار بۇ خۇش خەۋەرنىڭ راستلىقىنىڭ مۆجىزىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. گرېكلار بولسا بۇ دۇنيادىكى دانالىقنى قوغلاشقاچقا، بۇ خۇش خەۋەر ئۇلارنى جەلپ قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىز يەتكۈزۈۋاتقان بۇ خۇش خەۋەر يەنىلا ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىپ قۇربان بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. يەھۇدىيلار بۇنى ھاقارەت دەپ قارىسا، گرېكلار بۇنى ئەخمىقانىلىق دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، مەيلى يەھۇدىي ياكى يەھۇدىي ئەمەسلەر بولسۇن، خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلۈشىنى خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە دانالىقى دەپ بىلىدۇ» (1-باب، 22-ئايەتتىن 24-ئايەتكىچە).

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«چۈنكى، ئاراڭلاردىكى ۋاقتىمدا پەقەت ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ كرېستكە مىخلانغانلىقىدىن باشقا بىر نەرسە دېمەسلىكنى قارار قىلغانىدىم» (2-باب، 2-ئايەت).
«مەن قوبۇل قىلغان ئەڭ مۇھىم تەلىمنى سىلەرگە يەتكۈزدۈم. بۇ تەلىم شۇكى، مۇقەددەس يازمىلاردا ئالدىن بېزىلغىنىدەك، ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن قۇربان بولدى» (15-باب، 3-ئايەت).

«يېڭى ئەھدە»نىڭ باشقا قىسىملىرىدىمۇ كىربىت ئوخشاشلا تەكىتلەنگەن. بىز تۆۋەندە پېترۇسنىڭ كىربىتقا بولغان كۆز قارىشى ۋە چۈشەندۈرۈشىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت»تە مەسىھ «ئاخىر زاماندا ئىنسانلارنى گۇناھتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن، بىر يولىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى قۇربان قىلدى» دەپ ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان (9ـباب، 26ـئايەت). بىز ناھايىتى سىرلىق «ۋەھىيلەر» كىتابىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، شان ـ شەرەپ قۇچقان ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاسماندا يەنى خۇدانىڭ تەختىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت «يەھۇدا قەبىلىسىدىكى شىر» بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ «بوغۇزلانغان قوزا» ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلەيمىز. («ۋەھىيلەر» 5ـباب، 5ـ ۋە 6ـئايەت). بىز يەنە سانسىزلىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنى مەدھىيلەپ: «بوغۇزلانغان قوزا قۇدرەت، بايلىق، دانالىق، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ھۆرمەت، شان ـ شەرەپ ۋە مەدھىيىگە لايىقتۇر» دېگەنلىرىنى ئاڭلايمىز («ۋەھىيلەر» 5ـباب، 12ـئايەت).

نۇرغۇنلىغان ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدە، سۇغا چۆمۈلدۈرۈش مۇراسىمىدا كىربىت بەلگىسى سىزىلىدۇ. ئۇلار ئۆلگەندە، كىربىت بەلگىسى قەبرىگە ئورنىتىلىدۇ. شۇنداقلا، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ نۇرغۇن بىنالىرىمۇ كىربىت شەكلىدە سېلىنغان. ئېتىقادچىلارمۇ كىربىتنى بويۇنلىرىغا ئېسىۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپىي بولغان ئىشلار ئەمەس. كىربىت بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ سىمۋولى. كىربىت بولمىغان بولسا،

غەلىبە بولمايتتى. كرېست بولمىغان بولسا، ئېتىقادىمىزمۇ بولمىغان بولاتتى. لېكىن، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

## (2) كرېستنىڭ ھەقىقىتى

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاۋۋال، بىز نۇرغۇن جايلارنىڭ يەنىلا سىرلىق ئىكەنلىكىنى سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئېتىقادچىلار كرېستنىڭ تارىخىنىڭ تۈگۈنى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بىز بۇ كىچىككىنە كاللىمىز بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ كېتەلمەيمىز. بۇ ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىز بارلىق سىرلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق چۈشىنىمىز.

«بىز سۇس كۆرۈنىدىغان ئەينەك ئارقىلىق كۆرۈۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، ھەممە نەرسىنى غۇۋا كۆرىمىز. لېكىن، كەلگۈسىدە بولسا يۈزمۇيۈز كۆرىمىز. ھازىر مېنىڭ خۇدا توغرىسىدا بىلىدىغىنىم چەكلىكتۇر، ئۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە خۇدا مېنى تولۇق بىلگەندەك، مەنمۇ ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان بولىمەن» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 13_باب، 12_ئايەت).

نۇرغۇنلىغان ۋەھىيلەرنى كۆرگەن پاۋلۇس مۇشۇنداق دېگەن يەردە، بىز ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى چۈشەنمەيمىزدە.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سىمون پېترۇسنىڭ ئالدىنقى خەتتە خاتىرىلەنگەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنى تەھلىل قىلىش بىلەن چەكلىنىمىز. مېنىڭ پېترۇسنىڭ خېتىنى تاللىشىمدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل سەۋەب بار.

بىرىنچى، پېترۇس ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەڭ يېقىن ئۈچ شاگىرتىنىڭ بىرسىدۇر (پېترۇس، ياقۇپ، يۇھاننا). بۇ ئۈچ كىشى ھەزرىتى ئەيسا بىلەن باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى.

ئىككىنچى، مېنىڭ پېترۇسقا بولغان ئىشەنچىم ناھايىتى چوڭقۇر، چۈنكى ئۇ دەسلەپتە ھەزرىتى ئەيسانىڭ چوقۇم ئۆلۈشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى بىرىنچى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان ئادەم، شۇنداقلا ئۇ يەنە ھەزرىتى ئەيسانىڭ چوقۇم ئۆلۈشى كېرەكلىكىنى بىرىنچى بولۇپ رەت قىلغان ئادەمدۇر. ئۇ ھەزرىتى ئەيساغا: «سىز بولسىڭىز مەسىھ» دېگەنىدى. لېكىن، ھەزرىتى ئەيسا «مەسىھ چوقۇم ئۆلۈشى كېرەك» دەپ تەلىم بەرگەندە، ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا: «ئي رەب! ھەرگىز مۇنداق بولماس» دېگەنىدى. ھەتتا ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ خىزمىتى ئاخىرلىشىپ قالغاندىمۇ، مەسىھ چوقۇم ئۆلۈشى كېرەك دېگەن ھەقىقەتكە قارشى چىققانىدى. ئۇ ھەزرىتى ئەيسا

تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئۈچ قېتىم تاندى. ئۇنىڭ ياش تۆكۈشى ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىدىن بولغان. ھەزرىتى ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن، تەلىم بېرىپ:

> «قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن، مانا شۇ جەبىر-جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرۈشى كېرەك ئەمەسمىدى؟» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24-باب، 26-ئايەت)،

دېگەندىن كېيىنلا سىمۇن پېترۇس بىردىنلا چۈشىنىپ ھەقىقەتكە ئىشەندى. ئۇ بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، ئىبادەتخانىدا كۆپچىلىككە:

> «مانا بۇ خۇدانىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلىدىغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئالدىن ئېيتقانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدۇر» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 3-باب، 18-ئايەت) دېدى.

ھەمدە «پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» مۇ، «مەسىھنىڭ ئازاب-ئۇقۇبىتى ۋە شان-شەرىپى» توغرىسىدا تەكرار توختالغان. بەلكىم بىزمۇ كىرىستىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى قوبۇل قىلالمايدىغاندىمىز، شۇنداقتىمۇ بىزنى قايىل قىلغان ۋە بىزگە تەربىيە بەرگەن ئادەمنى بىز يەنىلا سىمۇن پېترۇس، دەپ كۆرسىتىمىز.

ئۈچىنچى، «پېتروس يازغان بىرىنچى خەت»تىكى كىرىست توغرىسىدىكى تەلىمدە ئۇقۇرمەنلەرگە قارىتىپ يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئەگەر ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە مەقسەت نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرمەكچى بولسا، بىز ئۇنىڭدىن گۇمانلانلىنىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدۇق. لېكىن، ئۇ كىرىست توغرىسىدا توختالغاندا، تېئولوگىيىلىك دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرمەستىن، ئېتىكىلىق مەسئۇلىيەتنى تەكىتلىگەن. ئۇ پەقەت بىزنى ئېتىقادچىلارغا خاس تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، سەۋرچانلىق بىلەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە چىداشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ھەمدە كىرىستنى ئۈلگە قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

### (1) مەسىھ ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق بىزگە ئۈلگە كۆرسەتتى

«پېتروس يازغان بىرىنچى خەت» ئارقا كۆرۈنۈشى دەل ئېتىقادچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئەينى چاغدا پادىشاھ نېرو ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلغاچقا، نۇرغۇن ئېتىقادچىلار قورقىنىدىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقانىدى. بۇ چاغدا، پېتروسنىڭ بەرگەن رىغبەتلەندۈرۈشى بىۋاستە بولدى. ئۇ كىرىست ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«چۈنكى، سىلەر مانا شۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتكە چاقىرىلدىڭلار. ئەيسا مەسىھمۇ سىلەر ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت چېكىپ، سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىزىدىن ماڭسۇن، دەپ سىلەرگە ئۈلگە قالدۇردى» (2-باب، 21-ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسادا قىلچىمۇ گۇناھ يوق ئىدى. ئەمما ئۇ ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا، بىر ئېغىز جاۋاب ياندۇرمىدى؛ ئازابلانغاندا، ھېچقانداق تەھدىت سۆزلىرىنى ئىشلەتمىدى. ئۇ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنى ئادىل خۇداغا تاپشۇردى.

ئۇ بىزلەر ئۈچۈن بىر ئۈلگە تىكلەپ بەردى. پېترۇسنىڭ بۇ يەردە ئىشلەتكەن «ئۈلگە» سۆزى، گرېكچە خەتنى چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىشتىكى ئۆرنەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ يەنى بۇ چىرايلىق خەت يېزىشنى ئۆگەنگۈچىلەر خەت يېزىشنى مەشق قىلغاندا، ئۆرنەككە تەقلىد قىلسا، خېتى تېخىمۇ چىرايلىق چىقىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بىز ئېتىقادچىلارنىڭ مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىش دەرسلىكىنى ئۆگىنىمىز دەيدىكەنمىز، تۇرمۇشتا ھەزرىتى ئەيسانى ئۈلگە قىلىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم «ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىمىز لازىم». بۇ سۆز پېترۇسنىڭ قەلبى ئاستىدا ئالاھىدە كۈچلۈك ئىپتىلغان. چۈنكى، ئۇ بۇرۇن ھەزرىتى ئەيساغا تۈرمىگە كىرىشتىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي، سىزگە ئەگىشىمەن، دېگەن بولسىمۇ، ھەزرىتى ئەيسا تۇتقۇن قىلىنغاندا، ئۇ «يىراقتىن ئەگەشكەنىدى». ھەزرىتى ئەيسا

كېيىن تىبېرىيە كۆلىنىڭ بويىدا پېترۇسقا «ماڭا ئەگىشىپ ماڭ» دەپ چاقىرىق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بۇ بۇيرۇقنى بەرگەن. («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 21-باب، 19-ۋە 22-ئايەت). شۇنىڭ ئۈچۈن، پېترۇس باشقا ئېتىقادچىلارنىمۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىزىدىن ئۆزگە ئوخشاش مېڭىشقا رىغبەتلەندۈردى.

كرېست بىزگە ئېلان قىلغان جەڭ بەكمۇ جاپالىقتۇر. بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، يىگىرمىنچى ئەسىر بولۇپ قالغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھەم شۇنداق. بۇ جەڭگە چاقىرىلىش بەكمۇ زۆرۈردۇر. بۇرۇن شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. تۇرمۇشىمىزدا بىزنىڭ ئادىمىيلىك تەبىئىيتىمىزگە زىت كېلىدىغان بۇيرۇقلاردىن ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى قوبۇل قىلىش، خۇداغا بويسۇنۇش ۋە قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك قاتارلىق بۇيرۇقلاردىن باشقا بۇيرۇقلار بولمىسا كېرەك. لېكىن، كرېست بىزگە زىياننى قوبۇل قىلىشىمىز، دۈشمىنىمىزنى سۆيۈشىمىز، ئاندىن بارلىق ئىشلارنى خۇداغا تاپشۇرۇشىمىزنى بۇيرۇيدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇربان بولۇشى پەقەتلا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ئۆلگە ئەمەس. ئەگەر مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا، خۇش خەۋەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولماي قالىدۇ. مەسىلەن، ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«چۈنكى، ئىنسانئوغلىمۇ باشقىلارنى خىزمەت قىلدۇرغىلى ئەمەس، باشقىلارغا خىزمەت قىلغىلى ۋە جېنىنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى گۇناھتىن ئازاد قىلغىلى كەلدى» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10ـ باب، 45ـ ئايەت).

ھەم ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزادا ئۇ:
«بۇ مېنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن تۆكۈلۈپ، خۇدانىڭ ئەھدىسىنى تۈزىدىغان قېنىمدۇر» دەيدۇ («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 26ـ باب، 28ـ ئايەت).

ئۆلگە قۇتقۇزۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. كرېست يەنى ئازاب ـ ئوقۇبەت يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ھەزرىتى ئەيسا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئازابلىنىدۇ؟ ئۇنىڭ باغدا ئولتۇرۇپ، ياش تۆكۈپ قىلغان دۇئايىنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟

«ئى ئاتا، مۇمكىن بولسا بۇ ئازاب قەدىھىنى مەندىن يىراقلاشتۇرغايسەن. لېكىن، بۇ ئىش مېنىڭ ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن، ـ دېدى...
ھەزرىتى ئەيسا ئىككىنچى قېتىم بېرىپ، يەنە دۇئا قىلىپ:

ئى ئاتا، ئەگەر مەن بۇ ئازاب قەدەھنى ئىچمىگۈچە بۇ قەدەھ مەندىن يىراقلاشتۇرۇلمىسا، ئۇنداقتا سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولسۇن» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 26ـباب، 39ـ ۋە 42ـئايەت).

ئۇنداقتا بۇ قەدەھ مىخلىنىپ ئۆلۈشنىڭ سىمۋولىمۇ؟ ئەجەبا، ئۇ ئۆلۈمدىن، ئازابتىن قورقتىمۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەزرىتى ئەيسانى بويسۇنۇش ۋە سەۋرچانلىقنىڭ ئۈلگىسى قىلىشقا بولىدۇكى قەيسەرلىكنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ ئۈلگىسى قىلىشقا بولمايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا كرېستقا مىخلانغان چاغدا ھاۋانىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، ئالەمنى قاپقاراڭغۇلۇق بېسىشى ۋە چوڭ ئىبادەتخانىدىكى كىشىلەرنىڭ خۇدانىڭ ھوزۇرىغا قالايمىقان كىرمەسلىكى مەقسىتىدە ئېسىلغان پەردىنىڭ توساتتىن ئىككى پارچە بولۇپ كېتىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ ئەگەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنى پەقەتلا بىر ئۈلگە دەيدىغان بولساق، بۇ ئىشلارغا ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

ئەگەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنى نوقۇل ھالدا بىر ئۈلگە دەپ قارىساق، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان بولىدۇ. بىز پەقەت بىر ئۈلگىگىلا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر قۇتقۇزغۇچىغا موھتاج. ئۈلگە بىزنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىزنى ۋە غايىمىزنى ئاشۇرالايدۇ. ئىرادىمىزنى كۈچەيتەلەيدۇ. لېكىن، ئۇ بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى يامانلىقلىرىمىزنى ۋە

مەنەتچىلىكلىرىمىزنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. شۇنداقلا، بىزگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلەلمەيدۇ ياكى بىزنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇپ قويالمايدۇ.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، شاگىرتلار بۇ جەھەتتە بىزنىڭ گۇمانلىنىشىمىزغا ئىمكانىيەت قالدۇرمىدى. ئۇلار ئۆزلۈكسىز تۈردە مەسىھنىڭ كېلىشى ۋە ئۆلۈمى بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى بىر قېتىملا قويۇپ تەھلىل قىلدى.

«مۇقەددەس يازمىلاردا ئالدىن ئېيتىلغىنىدەك، ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن قۇربان بولدى» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15ـ باب، 3ـ ئايەت).

«ئۇنىڭ بىرلا قېتىملىق قۇربانلىق قىلىنىشى بىلەن بارلىق گۇناھلىرىمىز يۇيۇلدى» («پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 3ـ باب، 18ـ ئايەت).

«ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلارنى گۇناھدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 3ـ باب، 5ـ ئايەت).

يۇقىرىقىلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ يېقىن شاگىرتلىرىدىن پاۋلۇس، پېترۇس ۋە يۇھاننالارنىڭ قىلغان سۆزلىرىدۇر. ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىگەن.

(2) مەسىھ ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق گۇناھلىرىمىزنى ئۈستىگە ئالدى

پېترۇس ئۆزىنىڭ بىرىنچى خېتىنىڭ 2ـباب، 24ـئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، كرېستكە مىخلىنىپ قۇربان بولدى».

بۇ يەردىكى «گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ» دېگەن سۆزلەر ئاڭلىماققا تولىمۇ يات بىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز «كونا ئەھدە»گە قايتىپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ باقايلى. بۇ ئۇقۇم «لىۋىيلىقلار» ۋە «نوپۇس سانى» قاتارلىق ئىككى كىتابتا كۆرۈلىدۇ. بەزىدە بۇ سۆز خۇدانىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنمىغۇچىلارغا قارىتىپ ئۆزىنىڭ ئېيتىلىدۇ: «ئۇ چوقۇم گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك»، ياكى «ئۇ چوقۇم گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئالسۇن». مەسىلەن،

«ئەگەر بىراۋ پەرۋەردىگار قىلماڭلار، دېگەن ئىشنى قىلىپ، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسا، گەرچە ئۇ بۇ ئىشنى قەستەن قىلمىغان بولسىمۇ، گۇناھ ئۆتكۈزگەن، دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا ئۇ گۇناھىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك» («لىۋىيلىقلار» 5ـباب، 17ـئايەت).

مانا بۇ «گۇناھنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش» بىرىنچى خىل مەنىسى. «گۇناھنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش» يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز گۇناھىنىڭ ئاقىۋىتىگە جاۋاب بېرىش ۋە جازانى ئۈستىگە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

«مۇقەددەس كىتاب»تا بەزىلەرنىڭ باشقىلار ئۆتكۈزگەن گۇناھقا مەسئۇل بولسا بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. «نوپۇس سانى»نىڭ 30-بابىدا، مۇسا پەيغەمبەر قەسەمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى توغرىسىدا توختىلىپ، ناھايىتى ئېنىق قىلىپ:

> «تۇل خوتۇن ۋە ئەر كىشىنىڭ قىلغان قەسىمى ئەسلىدىنلا كۈچكە ئىگە. لېكىن، ياتلىق بولمىغان قىز ۋە ياتلىق بولغان ئايالنىڭ قەسىمى، چوقۇم ئاتىسىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئەر بولغۇچى ئايالنىڭ قەسىمىنى ئاڭلاپ ئۇنى شۇ كۈنىلا بىكار قىلمىسا ھەم بۇنىڭ ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى كېيىنرەك بايقىسا، بۇ ئەر ئايالنىڭ گۇناھىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ» دەيدۇ (15-ئايەت).

يەنە بىر مىسال «يىغا-زار» كىتابىدا بولۇپ، يېرۇسالېم ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسرائىللار يىغلىشىپ، نالە-پەريات كۆتۈرۈپ، مۇنداق دېيىشىدۇ:

> «بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز گۇناھ ئۆتكۈزدى، ئۆلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. بىراق، بىز

ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىۋاتىمىز» ( 5ـباب، 7ـئايەت).

بۇ ئىش توغرىسىدىكى تەلىملەر «كونا ئەھدە»دىكى قان ئېقىتىپ قۇربانلىق قىلىش ئىشلىرىدا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئىشلار بىزگە نىسبەتەن ناتونۇشتۇر. گۇناھنى تىلەش قۇربانلىقىغا نىسبەتەن «مۇقەددەس كىتاب» مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ گۆشلەرنى مۇقەددەس جايدا يېمەيسىلەر؟ خۇدانىڭ بۇ گۆشلەرنى سىلەرگە بېرىشى سىلەرنىڭ كۆپچىلىكنىڭ گۇناھىنى ئۆز زىممىڭلارغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر» («لېۋىلىقلار» 10ـباب، 17ـئايەت).

شۇنىڭدەك، ھارۇنمۇ ھەر يىلى گۇناھنى تىلەپ قۇربانلىق قىلىدىغان چاغدا، قولىنى گۇناھ ئۈچۈن قۇربان قىلىنىدىغان قوينىڭ بېشىغا تەگكۈزۈپ، بۇ قوينىڭ ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ بۇ سىمۋوللۇق ھەرىكەتنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قوينى چۆل ـ باياۋانغا ھەيدىۋېتەتتى. «مۇقەددەس كىتاب»تا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇ قوي ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، گۇناھىنى ئادەمزاتسىز

يەرلەرگە ئېلىپ كەتتى» («لۋىلىقلار» 16_باب، 22_ئايەت).

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، «باشقىلارنىڭ گۇناھىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش» دېگەنلىك باشقىلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش، باشقىلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن جازالىنىش، دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ.

بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەقسەتلىك بولۇپ، بۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇربان بولۇشقا بېرىلگەن ئالدىن بېشارەتلەر ئىدى. چۈنكى «قوي ۋە ئۆچكىنىڭ قېنى گۇناھنى تۈگىتەلمەيدۇ» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 10_باب، 4_باب). بىز «يەشايا» كىتابىنىڭ 53_بابىنى ئوقۇساق، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. بۇ ئايەتلەردىن بىز مۇنۇ جۈملىلەرنى ئوقۇيمىز: «ئۇ خۇددى قوي بوغۇزلىنىدىغان يەرگە ئېلىپ مېڭىلغاندەك ئېلىپ مېڭىلدى»، بۇ ئۇنىڭ «ئېغىز ئاچمىغانلىقىدىن بولغان ئەمەس»، بەلكى «پەرۋەردىگار بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۇنىڭغا يۈكلىدى» ھەمدە پەرۋەردىگار ئۇنى «گۇناھنى تىلەش قۇربانلىقى» قىلماقچى ئىدى. بىز «خۇددى ئازغان قوي»، لېكىن ئۇمۇ «قويدەك» «بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن يارىلاندى، ئۇنىڭ ئۇچرىغان جازاسى بىزنى ئامانلىققا ئېرىشتۈردى، چۈنكى بىز ئۇنىڭ يېگەن تاياقلىرىدىن شىپا تاپتۇق». بۇ بابنىڭ ئاخىرىدا «ئۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدۇ»، «ئۇ كۆپچىلىكنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى» دەپ

خۇلاسە چىقىرىلغان.

ھەزرىتى ئەيسا ئۇزۇن يىللىق تەييارلىقتىن كېيىن، بۇ دۇنياغا ئاخىر كەلدى. يەھيا پەيغەمبەر ئۇنى قارشى ئېلىپ مۇنداق دېدى:

«مانا بۇ پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىدىن ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان خۇدانىڭ قوزىسىدۇر!» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1ـ باب، 29ـ ئايەت).

كېيىن «يېڭى ئەھدە» كىتابى پۈتكەندىن كېيىن، ئاپتورلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىق ۋە «لىۋىيلىقلار»دىكى ھەر خىل قۇربانلىقلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئىكەنلىكىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېتىراپ قىلىشتى. ئىلگىرى ھايۋانلار توختىماستىن قۇربانلىق قىلىنىپ تۇراتتى بىراق، مەسىھ بىرلا قېتىم قۇربانلىق قىلىنىش ئارقىلىق گۇناھنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 9ـ باب، 28ـ ئايەت). بۇ بىرگە پېترۇسنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ:

«...گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ كرېستكە مىخلىنىپ قۇربان بولدى» («پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 2ـ باب، 24ـ ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسادا ھېچقانداق گۇناھ بولمىسىمۇ، لېكىن، كرېست ئۈستىدە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ بەدىلىنى تۆلىدى.

ھەزرىتى ئەيسا كرېستكە مىخلانغاندىن كېيىن، چۈش ۋاقتىدا «پۈتۈن زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15-باب، 33-ئايەت). بۇ قاراڭغۇلۇق تاكى ئۇنىڭ جېنى چىققۇچە ئۈچ سائەت داۋاملاشتى. بۇ قاراڭغۇلۇق سوكۇت ئېلىپ كەلدى، چۈنكى خۇدانىڭ بۇ قۇسۇرسىز قوزىسىنىڭ ئۆچرىغان روھىي ئازابىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى ۋە ئېغىز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايتتى. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان يىغىلغان بارلىق گۇناھلىرى ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغانىدى. ئۇ بۇلارنى ئۆزى خالاپ قىلدى. ئۇ گۇناھلار ئۈچۈن بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ كرېستتىكى چېغىدا ئۇنىڭ روھى يالغۇز تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇ: «خۇدايىم، خۇدايىم، مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ! دەپ ۋارقىرىدى» (15-باب، 34-ئايەت). ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ سۆزلىرى «زەبۇر»نىڭ 22-باب، 1-ئايىتىدىكى سۆزلەرنى ئىسپاتلىدى. ئۇ مۇشۇ پەيتتە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋاتاتتى. ھالبۇكى، خۇدانىڭ «كۆزى پاك بولغاچقا، يامانلىقنى سىغدۇرالمايدۇ ۋە ئۇ يامانلىققا قارىمايدۇ» («ھاباككۇك» 1-باب، 13-ئايەت)، شۇڭا، خۇدا مۇشۇ پەيتتە يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، ھەزرىتى ئەيساغا قارىمىدى. بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىز ئاتا بىلەن ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا تورۇۋاتىدۇ. مەڭگۈ ئاتىسىنىڭ قوينىدا ياشايدىغان ۋە تەنگە ئايلانغان چېغىدىمۇ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغان ھەزرىتى ئەيسا ۋاقتىنچە مانا مۇشۇنداق تاشلىۋېتىلدى. ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا،

بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ھەزرىتى ئەيسانى ھالاكەتكە ئېلىپ باردى. ئۇ خۇدادىن روھىي جەھەتتە ئايرىلىشتەك ئازاب-ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئۇ بىز ئۈچۈن بىز ئۇچراشقا تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدى. يەنى ئۇ خۇدادىن ئايرىلدى.

ھەزرىتى ئەيسا ئاشۇ مىسلىسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن قايتىپ چىققاندا، غالىبانە ئاۋاز بىلەن: «تامام بولدى» دەپ توۋلىدى ۋە ئاخىردا يەنە: «ئى ئاتا! روھىمنى قولۇڭغا تاپشۇردۇم» دېگىنىچە، تىنىقى توختاپ جان ئۈزدى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19-باب، 30-ئايەت؛ «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 23-باب، 46-ئايەت). ھەزرىتى ئەيسانىڭ خىزمىتى تامام بولدى. ئۇنىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشتى. دۇنيانىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەندى. ئىنسانلار پەقەت ھەزرىتى ئەيسانى قۇتقۇزغۇچۇم، دەپ قوبۇل قىلسا ۋە ئۇنىڭغا تايانسىلا خۇدا بىلەن يارىشالايدىغان بولدى. خۇدا ئۆز قولى بىلەن مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى پەردىنى توساتتىنلا يىرتىپ تاشلاپ، ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. بۇ تاماملانغان ھەقىقەتنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا گۇۋاھلىقى ئىدى. بۇ پەردىنىڭ ئەمدى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى، خۇداغا بارىدىغان يول ئېچىۋېتىلگەنىدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق ئادەملەر ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئالتۇن ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەنىدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۆلۈمدىن

ئوتتۇز ئالتە سائەتتىن كېيىن تىرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بىھۇدە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

خۇدا مۇشۇ يول ئارقىلىق بىزنى ئۆزى بىلەن ياراشتۇردى. بەلكىم بىز بۇ جەھەتتە چۈشەنمەيدىغان يەنە نۇرغۇن جايلار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىز خۇدانىڭ ھەزرىتى ئەيسا ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغان بۇ ئىشىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. پېترۇسنىڭ تەلەپ قىلغىنىمۇ مانا مۇشۇ بولۇپ، بىز بۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپ ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتەلەيمىز.

بىرىنچى، پېترۇس ھەزرىتى ئەيسا «ياغاچ ئۈستىدە» بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى، دەپ خاتىرىلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، پېترۇس بۇ يەردە مەزكۇر سۆزنى مەقسەتلىك ھالدا خۇددى «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»دە «سىلەر ھەزرىتى ئەيسانى كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈردۈڭلار، لېكىن ئەجدادىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ئۇنى تىرىلدۈردى» دەپ خاتىرىلەنگەنگە ئوخشاش ئالغاندى. يەھۇدىيلار پېترۇسنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى. پېترۇسنىڭ بۇ يەردە كۆرسىتىۋاتقىنى «قانۇن شەرھى» 21-باب، 23-ئايەتتىكى بېشارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئېسىلغان ئادەم...لەنەتكە قالىدۇ». ھەزرىتى ئەيسا «ياغاچ»قا ئېسىلىپ، ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى (يەھۇدىيلار كرېستكە مىخلىنىش بىلەن ياغاچقا ئېسىلىشنى ئوخشاش ئىش، دەپ قارايدۇ)، بۇ ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ لەنىتىگە قالدى، دېگەنلىكتۇر. شاگىرتلار بۇ پىكىرنى بىردەك قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ

مەنىسىنى ئەلچى پاۋلۇس «گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت»نىڭ 3ـبابىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ. پاۋلۇس بۇ يەردە «قانۇن شەرھى»دە مەزكۇر بېشارەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

«تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغان ھەممە ئەمرلەرگە تولۇق ئەمەل قىلمىغان كىشى لەنەتكە قالىدۇ» (10ـئايەت)،

«ھالبۇكى، ئەيسا مەسىھ بىزنى تەۋرات قانۇنىغا تولۇق ئەمەل قىلالمىغانلىقىمىزدىن پەيدا بولغان لەنەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىپ، ئۇ لەنەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا: ياغاچقا ئېسىلغان كىشى لەنەتكە قالغان كىشىدۇر» (13ـئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، گۇناھكارلارغا ياغدۇرۇلغان بارلىق لەنەتلەر كرېست ئۈستىدە ھەزرىتى ئەيساغا كۆچتى. ئۇ ئۆلۈمى بىلەن بارلىق لەنەتلەرنى ئۆزىگە يۈكلەپ، بىزنى لەنەتتىن قۇتۇلدۇردى.

ئىككىنچى، «پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت»تە، ئاپتور «يەشايا»نىڭ 53ـبابىدىكى سۆزلەردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ.

«پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 2ـباب، 22ـئايەت:

«ئۇ گۇناھ قىلمىغان، ئاغزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ ھىيلە ـ مىكىرلىك سۆز چىقمىغان».

«يەشايا» 53ـ باب، 9ـ ئايەت:
«ئۇ زالىملىق قىلمىغان، ئاغزىدا ھىيلە ـ مىكىر ىسمۇ يوق».

«پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 2ـ باب، 23ـ ئايەت:
«ئۇ ھاقارەتكە ئۇچرىغان...»

«يەشايا» 53ـ باب، 3ـ ئايەت:
«ئۇ كەمسىتىلدى، باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى».

«پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 2ـ باب، 24ـ ئايەت:
«ئۇ...گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى».

«يەشايا» 53ـ باب، 12ـ ئايەت:
«بىراق، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ گۇناھىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى».

«پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 2ـ باب، 24ـ ئايەت:
«سىلەر ئۇنىڭ يارىلىرى بىلەن شىپا تاپتىڭلار».

«يەشايا» 53ـ باب، 5ـ ئايەت:
«ئۇنىڭ يېگەن تاياقلىرىدىن بىز شىپا تاپتۇق».

«پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 2ـ باب، 25ـ ئايەت:

«بۇرۇن سىلەر يولدىن ئازغان قويلارغا ئوخشايتتىڭلار».

«يەشايا» 53ـباب، 6ـئايەت:

«بىز ھەممىمىز ئازغان قويدەك، ھەربىرىمىز يولدىن چەتنىدۇق».

بىز «يەشايا»نىڭ 53ـبابىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىر گۇناھسىزنى تەسۋىرلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، بۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇنياغا كېلىشى باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى قۇربانلىق ئۆلۈمدۇر. ھەزرىتى ئەيسا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئۆلۈمىنى چۈشەندۈرىدۇ. شاگىرتلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلدى. ئېفىئوپىيىلىك بىر ئاغۋات فىلىپتىن ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئۇ پەيغەمبەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، فىلىپ ھەزرىتى ئەيسا ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى ئۇنىڭغا دەرھال چۈشەندۈردى («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 8ـباب، 35ـئايەت).

ئۈچىنچى، پېترۇس بىرىنچى بابتا مۇنداق يازىدۇ:

«سىلەرگە مەلۇمكى، سىلەر ئەجدادلىرىڭلاردىن قالغان ئەھمىيەتسىز تۇرمۇش يولىنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد بولدۇڭلار. بۇ، قىممىتىنى ھامان يوقىتىدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشتەك نەرسىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدا ئەۋەتكەن كەم ـ كۈتىسىز قوزىنىڭ، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ قىممەتلىك قېنىنىڭ بەدىلىگە كەلدى» (18ـ ۋە 19ـ ئايەت).

2ـئايەتتە يەنە «ئۇنىڭ قېنى ئارقىلىق يۇيۇلغان ئادەملەر...» دەيدۇ. بۇ يەھۇدىيلار دەل مىسىردىن چىقىدىغان ۋاقىتتىكى بىرىنچى قېتىملىق ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا قۇربانلىق قىلغاندا ئېيتىلغان سۆزلەردۇر. ئەينى چاغدا، ھەربىر ئائىلە بىردىن قوينى قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قېنىنى ئىشىكىگە سۈركىگەندى. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار خۇدانىڭ جازاسىدىن خالاس بولالايتتى ھەم پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇلار مىسىردىكى قۇللۇق ھاياتىدىن قۇتۇلالايتتى. پېترۇس بۇنى ھەزرىتى ئەيساغا دادىللىق بىلەن تەدبىقلىدى. پاۋلۇسمۇ مۇشۇنداق دېگەن:

«سىلەر ئاللىبۇرۇن پاكلانغانسىلەر. چۈنكى، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىق قوزىسى ئەيسا مەسىھ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 5ـباب، 7ـئايەت).

دېمەك، ھەزرىتى ئەيسانىڭ قېنىنىڭ ئېقىشى بىزنى گۇناھنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە خۇدانىڭ جازاسىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن بولدى. ئەگەر بىز بۇ پايدىغا ئېرىشەلىسەك، بۇ قانمۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى يۇيىدۇ. پېترۇس يەنە 3ـباب، 18ـئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئەيسا مەسىھ گۇناھ قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئازاب-ئوقۇبەت چېكىپ، ھەممىمىزنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇش

> مەقسىتىدە بىز گۇناھكارلارنىڭ ئورنىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ بىرلا قېتىملىق قۇربانلىق قىلىنىشى بىلەن بارلىق گۇناھلىرىمىز يۇيۇلدى».

گۇناھ بىزنى خۇدادىن ئايرىغانىدى، لېكىن مەسىھ بىزنى خۇدانىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت چېكىپ، گۇناھسىز قۇتقۇزغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆلدى. دېمەك، ئەمدى قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن ھېچ نەرسە كەم ئەمەس ھەم قۇتقۇزۇلۇشنىڭ قايتىلىنىشىنىڭمۇ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. بىز بۇنىڭغا سەل قارىساق بولمايدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق دىنىي مۇراسىملار ۋە خەيرى-ساخاۋەتنىڭ ئادەملەرنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇش قۇدرىتى يوق. شۇنداقلا، بىزمۇ ئۆز-ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشقا ھەرگىز قادىر ئەمەس، ئەگەر بولسا ئىدى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈشى ئارتۇقچە بىر ئىش بولار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، خۇدانىڭ شاپائىتىگە ئۆزىمىزگە تايىنىپ ئېرىشىمىز، دېيىش ئەيسا مەسىھكە قىلىنغان ھاقارەتتۇر. چۈنكى، بۇ بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلالايمىز، ھەزرىتى ئەيساغا تايانمايمىز، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن ئۆلۈشىنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەنلىكتۇر. خۇددى پاۋلۇس ئېيتقاندەك:

> «ئەگەر بىر ئادەم تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ھەققانىي ئادەم دەپ جاكارلىنالايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئەيسا

مەسىھنىڭ كرىستكە مىخلىنىشى ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالاتتى» («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 2ـ باب، 21ـ ئايەت).

كرىستنىڭ ھەقىقىتى ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغانلارغا نىسبەتەن ئەخمەقلىق، ئۆزىنى ھەققانىي ھېسابلايدىغانلارغا نىسبەتەن بىر پۈتلىكاشاڭ ھېسابلىنىدۇ. پاۋلۇسنىڭ زامانىسىدا شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇ تۆمەنلىگەن ئادەملەرگە ئامانلىق ئېلىپ كەلدى. خۇكىر ئەپەندىنىڭ 1585ـ يىلىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «باشقىلار بۇنى ئەخمەقلىق ۋە ساراڭلىق، دەپ قارىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستىمىز ۋە تەسەللىيىمىزدۇر، بۇ دۇنيادىكى بىلىملەر مەيلى قانداق بولۇپ كەتسۇن، بىز بىلىشكە تېگىشلىك ئىش شۇكى، ئادەملەر گۇناھ ئۆتكۈزدى، شۇ سەۋەب خۇدا كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەت چەكتى. خۇدانىڭ ئۆزى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى، شۇ ئارقىلىق ئادەملەرمۇ ھەققانىي بولدى». ھەربىر ئېتىقادچى بۇ سۆزلەرنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ. چۈنكى، بىز ئۇنىڭ يارىلىنىشى بىلەن شىپا تاپتۇق. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق بىز ھاياتلىققا ئېرىشتۇق. بىز ئۇنىڭ ئازابى بىلەن كەچۈرۈلدۇق. بىز ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى بىلەن قۇتقۇزۇلدۇق.

# 8

# مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى

«قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى» دېگەن بۇ سۆز چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ئەگەر بىز ئۇنى «كەچۈرۈلۈش» بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى سۆز دەپ، قارىساق، چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز. خۇدانىڭ بىزگە كۆڭۈل بۆلۈشى بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە بىزنىڭ ھازىرىمىز ۋە كەلگۈسىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ پىلانى بىزنى ئۆزى بىلەن ئاۋۋال ياراشتۇرۇش، ئاندىن بىزنى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن ئاستا-ئاستا ئازاد قىلىپ، باشقىلار بىلەن ئىناق ئىتتىپاق ئۆتكۈزۈشتۇر. بىزنىڭ كەچۈرۈلۈشىمىز ۋە ئىناق ئۆتۈشىمىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە كەلگەن. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، بىز ئۇنىڭ روھى ئارقىلىقلا شەخسىيەتچىلىكتىن قۇتۇلالايمىز، ئۇنىڭ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئارقىلىقلا، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتىكى مۇھەببەتكە تولغان ئالاقىلەردە بولالايمىز. مانا بۇلار بىز مەزكۇر باپتا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىغا دائىر ئۆگەنمەكچى بولغان بىر قانچە تەرەپلىرىدۇر.

## (1) مەسىھنىڭ روھى

بىز گۇناھنىڭ ئايرىم ئەھۋال ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان كېسەللىك ئىكەنلىكىنى

كۆرۈپ ئۆتتۇق. ھەزرىتى ئەيسا «دەرەخ ۋە مېۋە توغرىسىدىكى تەمسىل» ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرگەن بولۇپ، مېۋىنىڭ ساغلام ياكى قۇرتلىغان بولۇشىنىڭ دەرەخنىڭ سۈپىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

«ياخشى دەرەخ ياخشى مېۋە بېرىدۇ، يامان دەرەخ يامان مېۋە بېرىدۇ. ياخشى دەرەخ يامان مېۋە بەرمەيدۇ. يامان دەرەخ ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7ـباب 17ـ ۋە 18ـئايەت).

ئىنسانلاردىكى گۇناھنىڭ يىلتىزى دەل ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى شەخسىيەتچىلىكتە. ھەزرىتى ئەيسانىڭ تەلىمى بويىچە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز «قەلبىمىزدىن» كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرىكىتىمىزنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن خاراكتېرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«مېۋە دەرىخى ياخشى بولسا، بېرىدىغان مېۋىسىمۇ ياخشى بولىدۇ» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12ـباب، 33ـئايەت).

لېكىن، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟ زەھەرخەندىلىكتىن مۇلايىملىققا، ھاكاۋۇرلۇقتىن كەمتەرلىككە، شەخسىيەتچىلىكتىن كەڭ قورساقلىققا ئۆزگەرگىلى بولامدۇ؟ ھەزرىتى ئەيسا بۇ مۆجىزىنىڭ

تامامەن مۇمكىنلىكىنى جاكارلايدۇ. بۇ ھەم خۇش خەۋەرنىڭ شان-شەرىپىدۇر. ھەزرىتى ئەيسا پەقەت بىزنىڭ خۇدا ئالدىدىكى ئورنىمىزنىلا ئۆزگەرتىپ قالماستىن، ئۇ يەنە بىزنىڭ خاراكتېرىمىزنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىلگىرى نىكودىمغا يېڭى ھايات ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرى بىزگىمۇ قارىتىلغاندۇر:

«بىلىپ قويۇڭكى، ھېچكىم قايتىدىن تۆرەلمىگۈچە، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۆرەلمەيدۇ ... سىزگە قايتىدىن تۆرىلىشىڭلار كېرەك دېسەم ھەيران بولماڭ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 3- ۋە 7-ئايەت).

پاۋلۇسمۇ: «بىر كىشى ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولىدىكەن، ئۇ يېڭىدىن يارالغان ئادەمدۇر» دېگەنىدى («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» 5-باب، 17-ئايەت). مانا بۇ ھەزرىتى ئەيسا ئېيتقان يېڭى قەلب، يېڭى خاراكتېر، يېڭى ھايات ۋە يېڭى ئادەمدۇر.

ئىنسان قەلبىدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ خىل ئۆزگىرىش يەنىلا مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتىدۇر. يېڭى ھايات خۇدادىن كېلىدۇ، قايتىدىن تۆرىلىش «خۇدانىڭ روھىدىن تۇغۇلۇش» دېگەنلىكتۇر. («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 6-ئايەت). «ئۇيغۇنلۇق بىرلىكى»دىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت سىرلىق تەلىماتتۇر. بىز بۇنى بۇ يەردە مۇزاكىرە قىلمايمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى مەقسىتىمىزنى چىقىش قىلىپ،

پەقەت دەسلەپكى شاگىرتلارنىڭ مۇقەددەس روھ توغرۇلۇق قىلغان مۇلاھىزىلىرىنىلا ئانالىز قىلساق كۇپايە. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەلىملىرى ئۇلار ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ساۋاقلاردۇر.

بىز بىر نۇقتىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك يەنى مۇقەددەس روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە خىزمىتى پەقەت ھوسۇل يىغىش ھېيتىدىنلا باشلانغان ئەمەس. مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ روھىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەڭگۈلۈك بولۇپ، دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. «كونا ئەھدە» دىكى ئايەتلەر مۇقەددەس روھ توغرۇلۇق كۆپ توختالغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىگە تەشنا بولۇشىمۇ مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. خۇدا ئۆز روھىنى كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سېلىپ، ئۇلارنى ئۆز قانۇنىغا بويسۇندۇرىدىغان قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەندى.

ھەزرىتى ئەيسا «كونا ئەھدە» دىكى پەيغەمبەرلەر بېشارەت بەرگەن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشتىن بىر نەچچە سائەت ئىلگىرى، ئون ئىككى شاگىرتىنى بىر ئۆيگە يىغىپ، «تەسەللى بەرگۈچى» نىڭ (ياكى «كاپالەت بەرگۈچى» نىڭ) يەنى «ھەقىقەت سۈپىتىدىكى مۇقەددەس روھ» نىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھەتتا ئۇ مۇقەددەس روھنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىنىڭ ئىنتايىن زورلۇقى ھەققىدىمۇ توختالغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىلىپ قويۇڭلاركى، مېنىڭ كېتىشىم سىلەرگە پايدىلىق. كەتمىسەم، سىلەرگە ياردەمچى كەلمەيدۇ. ئەمما، كەتسەم ئۇنى سىلەرگە ئەۋەتىمەن».

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان پايدا شۇكى، ھەزرىتى ئەيسا بۇ دۇنيادا بار ۋاقىتتا بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇراتتى، ئەمما «ئۇ... بىزنىڭ قەلبىمىزدە بولىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16ـباب، 7ـئايەت؛ 14ـباب، 17ـئايەت). بىز مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇيدىغان بولساق، ھەزرىتى ئەيسا كېتىپ، مۇقەددەس روھ كەلگەندىن كېيىن شاگىرتلاردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى يەنى ئۇلارنىڭ قورقماس، قەيسەر ۋە كىچىك پېئىل بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ بۇ ئۆزگىرىشلەر دەل مۇقەددەس روھتىن كەلگەن. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا كەمتەر ۋە مېھىرـمۇھەببەتلىك بولۇش توغرىسىدا تەلىم بەرگەنىدى. لېكىن، مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقاندىن ئاۋۋال، ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىدا بۇ خىلدىكى خاراكتېرلەرنى ئىپادىلىيەلمىگەنىدى.

ھوسۇل يىغىش ھېيتى كۈنى، «ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا چۆمدى». سىز بۇنى پەقەت شاگىرتلارنىڭ ۋە باشقا ئاتاقلىق ئېتىقادچىلارنىڭلا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئەلۋەتتە، بىز ھوسۇل يىغىش ھېيتىدا يۈز بەرگەن «كۈچلۈك شامال چىققاندەك ئاۋاز» ۋە «ئوت يالقۇنىدەك بىر نەرسە»

قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز. لېكىن بىلىشىمىز كېرەككى، «مۇقەددەس روھقا چۈمۈش» بارلىق ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن بىر بۇيرۇق. مۇقەددەس روھنىڭ قەلبتىن ئورۇن ئېلىشى قايتا تۆرەلگەن ھەر بىر ئېتىقادچى ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھوقۇقتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر بىزنىڭ قەلبىمىزدە مۇقەددەس روھ بولمىسا، بىز ئېتىقادچى ھېسابلانمايمىز. پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ:

> «قەلبىدە مۇقەددەس روھ، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ روھى بولمىغان ئادەم ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ ئەمەستۇر» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 8-باب، 9-ئايەت؛ «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 2-باب، 4-ئايەت؛ «ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 5-باب، 18-ئايەت قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىڭ).

بىز ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغاندا، مۇقەددەس روھ قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ. خۇدا مۇقەددەس روھنى «بىزنىڭ قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالسۇن» دەپ ئەۋەتتى («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 4-باب، 6-ئايەت). خۇدا تېنىمىزنى مۇقەددەس روھنىڭ ئىبادەتخانىسى قىلدى («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 6-باب، 19-ئايەت). مانا بۇ «يېڭى ئەھدە» تەلىمى. بۇ ھېرگىزمۇ بىز پەقەت گۇناھ ئۆتكۈزمەيمىز دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ خىل توقۇنۇش

تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىز غەلىبە قىلىشتىكى يول بىزگە ئاللىقاچان ئېچىۋېتىلگەن. پاۋلۇس بۇ خىل توقۇنۇشنى «گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» نىڭ 5ـبابىدا، ناھايىتى تەسىرلىك تەسۋىرلەپ بەرگەن. توقۇنۇشىدىغان ئىككى تەرەپ «گۇناھكار تەبىئىتىمىزنىڭ ئارزۇـھەۋەسلىرى» بىلەن «مۇقەددەس روھ» تۇر. بۇ يەردىكى «ئارزۇـھەۋەس» پاۋلۇس يېزىپ قالدۇرغان شەخسىيەتچى خاراكتېرىمىزنىڭ يەنە بىر ئىسمىدۇر. ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

> «ئىنساننىڭ گۇناھكار تەبىئىتى مۇقەددەس روھقا زىت بولغان ئىشلارنى ئارزۇ قىلغاندەك، مۇقەددەس روھمۇ ئىنساننىڭ گۇناھكار تەبىئەتكە زىت بولغان ئىشلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە قارىمۇقارشىدۇر، بۇ قارىمۇقارشىلىق ئۆزۈڭلار ئارزۇ قىلغان ئىشلارنى قىلىشتا توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ» (17ـئايەت).

بۇ ھەرگىزمۇ قۇرۇق تېئولوگىيە نەزەرىيىسى ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ تەجرىبىسىدۇر. بىز گۇناھقا باشلايدىغان ئارزۇلارنىڭ بىزنى دائىم تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر خىل قارشىلىق كۈچىنىڭ ئەكسىچە بىزنى تارتىپ چىقىۋاتقانلىقىنى يەنى ئۇنىڭ بىزنى بىر تاكى پاك بولغانغا قەدەر تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەگەر بۇ چاغدا «گۇناھكار تەبىئىتىمىزنىڭ ئارزۇـھەۋەسلىرى» غەلىبە قىلسا، بىز پاۋلۇس

19ـئايەتتىن 21ـئايەتكىچە ئېيتقان ئەخلاقسىزلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ قارا تومانلىرى ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىمىز. بۇ ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئىنساننىڭ گۇناھكار تەبىئىتىگە باش ئېگىشى جىنسىي ئەخلاقسىزلىق، ناپاكلىق، شەھۋانىيلىق، بۇتپەرەسلىك، سېھرگەرلىك، ئۆچمەنلىك، ئۇرۇشقاقلىق، قىزغانچۇقلۇق، غەزەپلىنىش، شەخسىيەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، گۇرۇھۋازلىق، ھەسەتخورلۇق، ھاراقكەشلىك، ئەيش ـ ئىشرەت قاتارلىق گۇناھلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇرۇنقىدەك يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا ئورۇن يوق».

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر «مۇقەددەس روھ» غەلىبە قىلسا، ھاياتىمىز:

«مېھىر ـ مۇھەببەت، خۇشال ـ خۇراملىق، تىنچ ـ ئامانلىق، سەۋر ـ تاقەت، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، سادىقلىق، مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشلاردىن ئىبارەتتۇر» (22ـ ۋە 23ـ ئايەت).

پاۋلۇس بۇلارنى «مۇقەددەس روھنىڭ مېۋىلىرى»، دەپ ئاتايدۇ. ئىنسان تەبىئىتى گويا مۇقەددەس روھ ئاچىدىغان بوز يەردۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشى دەرەخنىڭ سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش پۇرسىتى بېرىلسە، دەرەخنىڭ

مېۋىسى ناھايىتى تەبئىيلا تاتلىق ۋە ئېسىل چىقىدۇ.
ئۇنداقتا، «گۇناھكار تەبئىتىمىزنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى»نى قانداق يېڭەلەيمىز؟ ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى قانداق يوقىتىپ، «مۇقەددەس روھنىڭ مېۋىلىرى» نى يېتىشتۈرەلەيمىز؟ بۇنىڭ جاۋابى قەلبىمىزنىڭ پوزىتسىيىسىگە باغلىق.

> «ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغانلار ئۆزىنىڭ گۇناھكار تەبئىتى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق يامان ھەۋەسلەرنى كرېستكە مىخلىغان بولىدۇ».
> «شۇنى دېمەكچىمەنكى، مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياشاڭلار. شۇ چاغدا، گۇناھكار تەبئىتىڭلارنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە يول قويمايسىلەر» («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 24- ۋە 16-ئايەت).

«گۇناھكار تەبئىتى ۋە ئۇنىڭدىكى يامان ئارزۇ-ھەۋەسلىرى»گە نىسبەتەن، بىزدە چوقۇم كۈچلۈك بىر خىل قارشى تۇرۇش ۋە قەتئىي رەت قىلىش پوزىتسىيىسى بولۇش كېرەك، ھەتتا ئۇنى «كرېستكە مىخلىشىمىز» كېرەك. قەلبىمىزدىكى مۇقەددەس روھقا بولسا ھاياتىمىزنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىككىلەنمەستىن بېرىشىمىز كېرەك. بارا-بارا يوقايدۇ-دە، مۇقەددەس روھ ئۆزىنىڭ گۈزەل مېۋىلىرىنى بېرىدۇ.
پاۋلۇس «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» نىڭ 3-باب، 18-ئايىتىدە ئوخشاشلا بۇ تەلىمنى بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىزلەردىكى چۈمپەردىلەر ئىلىقۋىتىلگەچكە، رەببىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنىڭ بىلەن، بىز رەببىمىزگە ئوخشاش بولۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، بارا-بارا ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈۋاتىمىز. بۇ رەببىمىزدىن، يەنى مۇقەددەس روھتىندۇر».

دېمەك بىز مەسىھكە تەلپۈنسەك، چوقۇم ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭدەك بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز توۋا، ئېتىقاد ۋە ئۆز-ئۆزىمىزنى كونترول قىلىش جەھەتلەردە مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، بىزنىڭ مۇقەددەس بولۇشىمىز يەنىلا مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتىگە باغلىق. بىز ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەيسادەك بولالمايمىز.

(2) مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى

گۇناھتا قەلبلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش خاھىشى بار. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى خۇدادىن ئايرىۋېتىپلا قالماي، كىشىلەرنىمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. لېكىن، خۇدانىڭ پىلانى كىشىلەرنى ئۆزى بىلەن ياراشتۇرۇپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنىمۇ ئۆزئارا ئىناقلاشتۇردى.

ئىلگىرى خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى كۆپەيتىدىغانلىقى ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق بارلىق ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە قىلغانىدى. لېكىن، يەر يۈزىدىكى بارلىق مىللەتلەر

قانداق قىلىپ ئۇلار ئارقىلىق بەختكە ئېرىشەلەيدۇ؟ خۇدانىڭ ئىبراھىمغا بەرگەن ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشارمۇ؟

ئاخىر، مەسىھ كەلدى. ناسىرەلىك ئەيسا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ شەرقتىن، غەربتىن، جەنۇبتىن ۋە شىمالدىن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار بىلەن ھەمداستىخان بولىدىغانلىقىنى، خۇدانىڭ خەلقىنىڭ پەقەت يەھۇدىيلارلا بولۇپ قالماي، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تىرىلگەن ئەيسا ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ:

«بېرىپ پۈتكۈل مىللەتلەرنى مېنىڭ شاگىرتلىرىم قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 28-باب، 19-ئايەت).

ئۇ بۇ شاگىرتلىرىنى دائىم «مېنىڭ جامائەتچىلىكىم» دەپ ئاتايتتى («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب، 18-ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئىبراھىمغا بەرگەن ۋەدىسى بۈگۈنكى كۈندە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ:

«دېمەك، ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغانىكەنسىلەر، سىلەرمۇ ئىبراھىمنىڭ

ئەۋلادى بولىسلەر ۋە ئىبراھىمغا ۋەدە قىلىنغان بەخت-سائادەتكە ئىرىشىسلەر»
(«گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 3-باب، 29-ئايەت).

پاۋلۇس «ئادەمنىڭ تېنى»نى مىسال قىلىپ، ئېتىقادچىلارنىڭ مەسىھ ئىچىدىكى بىرلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. پاۋلۇس ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى مەسىھنىڭ تېنى، ھەربىر ئېتىقادچى ئۇنىڭ تېنىنىڭ بىر ئەزاسى. ئەيسا مەسىھ باش بولۇپ، بۇ تەننىڭ پائالىيەتلىرىنى باشقۇرىدۇ، دېگەنىدى. گەرچە ھەربىر ئەزانىڭ ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئەزالار تەننىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. شۇنداقلا، بۇ تەن بىر ھاياتلىق يەنى مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن تەمىنلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەندىكى ھەربىر ئەزانى بىرلەشتۈرىدۇ. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ ئىتتىپاقلىقى پۈتۈنلەي مۇقەددەس روھقا باغلىق. پاۋلۇس تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ھەممىمىز بىر تەننىڭ ئەزالىرى، قەلبىمىزدىكى مۇقەددەس روھمۇ بىر. شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدا بىزنى چاقىرغاندا، بىزگە بەرگەن ئۈمىدمۇ بىردۇر» («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 4-باب، 4-ئايەت).

دېمەك ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدە روھىي بىرلىك بولىدۇ. شۇڭا، بىز مۇقەددەس روھتىن كەلگەن ئىناقلىقنى ساقلاشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

ئەلۋەتتە، ئېتىقادچىلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى يەرلىك ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگىمۇ قاتنىشىشى كېرەك. بىز پەقەت يەرلىك جامائەتچىلىكتە بىز ئەزالىق سالاھىتىمىز بىلەن ئىبادەت قىلىش ۋە بىر-بىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق خۇدا ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندىكى نۇرغۇن كىشىلەر تەشكىلىي خاراكتېردىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قارشى تۇرىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى مەلۇم نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكى ئۆزگىرىپ، بەكمۇ قاتمال ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، جامائەتچىلىكنىڭ ئەزالىرى يەنى ئېتىقادچىلار، گۇناھكار ئادەملەردۇر. شۇڭا، بۇ ھەرگىزمۇ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىز تۇرۇشلۇق جايدىكى جامائەتچىلىكتە ئەتراپىمىزدىكى ئېتىقادچىلار بىلەن بىرنىيەت، بىر مەقسەتتە ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك.

مۇقەددەس روھ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكنىڭ ھاياتىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىدىغان روھتۇر. مۇقەددەس روھ بېرىدىغان بىرىنچى مېۋىسى مۇھەببەتتۇر. چۈنكى، مۇقەددەس روھنىڭ ماھىيىتى مۇھەببەتتۇر. ئۇ ئۆزىدىكى مۇھەببەتنى قەلبىدىن ئورۇن بەرگەنلەرگە ئايىماستىن تەقدىم قىلىدۇ.

بارلىق ئېتىقادچىلاردا بۇ خىلدىكى تەجرىبە بار بولۇپ، ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ پەرقلىق ئېتىقادچىلار بىر-بىرىنى تونجى ئۇچرىتىپلا يېقىنلىق تۇيغۇسىدا بولىدۇ. خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان بۇ خىل مۇناسىۋەت قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىنمۇ يېقىن ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. مانا بۇ خۇدانىڭ ئائىلىسىدىكى تۇغقاندارچىلىق مېھرىدۇر. بۇ ھەقىقەتنىمۇ شۇنداق. يۇھاننا مۇنداق يازىدۇ:

> «بىز قېرىنداشلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئۆتكەنلىكىمىزنى بىلىمىز. («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 3-باب، 14-ئايەت).

بۇ مۇھەببەت ھەرگىزمۇ ھېسسىياتتىن كەلگەن ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئاساسى ھەتتا ھېسسىيات ئۈستىگىمۇ قۇرۇلمىغان. ئۇنىڭ ماھىيىتى شەخسىيەتسىزلىك ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىشتۇر. بىز باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق بۇنى ئىپادىلەيمىز. گۇناھنىڭ قەلبلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش كۈچىنى مۇھەببەت ئارقىلىقلا يوقاتقىلى بولىدۇ. چۈنكى، گۇناھ سەۋەبىدىن ئايرىلغانلار مۇھەببەت ئارقىلىق بىرلىشىدۇ. گۇناھ دۈشمەنلەشتۈرگەننى مۇھەببەت دوستلاشتۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە

شەخسىيەتچىلىككە ۋە ئەخمەقلىققە تولغانلىقىنى، ئۇنىڭدا مەسىھنىڭ تەلىمىگە ئوچۇق-ئاشكارا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرىنىڭ بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ۋە مۇھەببىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كېلەلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، گەرچە بىز ئېتىقادچىلار قۇتقۇزۇلغان بولساقمۇ، گۇناھكار تەبىئىتىمىزدىن خالاس بولغىنىمىز يوق، تەلتۆكۈس بولۇپ كېتىشىمىزگە تېخى خېلى بار. بەزى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ ھالى تا ھازىرغىچە خاراب تۇرۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى تېخى بۆلۈنۈپ كېتىپ، مۇھەببەت گادايلىقى بىلەن زەئىپلەشمەكتە. بىز ھەرقانداق بىر ئېتىقادچى ئۆز ھاياتىدا چوقۇم مەسىھنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھاياتىنى نامايان قىلالايدۇ، دەپ ئېيتالمايمىز.

بىزنىڭ يەرلىك ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىمىزنىڭ قانچىلىق مۇكەممەل بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر ئېتىقادچى يەنىلا ئۇنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۇ يەردە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى ماھىيىتى ئىزدىنىلىشى كېرەك. شۇنداقلا، ئۇلار خۇدادىن بىرلىكتە بەھرە ئېلىپ، خۇداغا بىرلىكتە ئىبادەت قىلىشى ۋە خۇداغا بىرلىكتە گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەك.

# 9
# بەدەلنى ھېسابلاش

بىز ناسىرەلىك ئەيسانىڭ ئۆزىگە خاس خۇدالىق خاراكتېرى توغرىسىدىكى دەلىللەرنى مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىز يەنە ئىنسانلارنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدىن كېيىن، خۇدادىن يىراقلىشىپ، شەخسىيەتچىلىك تەرىپىدىن باغلىۋېلىنغانلىقىنى، باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئېھتىياجىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇنداقلا، مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، بىزنى گۇناھنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىپ چىققانلىقىنىمۇ كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان پەيت كەلدى. خۇددى سائول ھەزرىتى ئەيسانى كۆرگەندە: «ئى رەببىم. مەن نېمە قىلاي؟» دېگەندەك ياكى گۇندىپاي: «قۇتقۇزۇلۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 22-باب، 10-ئايەت؛ 16-باب، 30-ئايەت) دەپ سورىغاندەك، بىزمۇ بۇ سوئالنى سورىشىمىز ۋە بۇ جەھەتتە ئۆز ئىپادىمىزنى بىلدۈرىشىمىز كېرەك. ئېتىقادىمىز بىزنىڭ پەقەت بىر تالاي كەم-كۈتىسىز ھەقىقەتلەرنى ئىچىمىزدىلا ئېتىراپ قىلىپ قويۇشىمىزنىلا تەلەپ قىلمايدۇ. بىز بەلكىم ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدالىق خاراكتېرىگە ۋە ئۇنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىغا ئىشىنىدىغاندىمىز، بەلكىم ئۆزىمىزنىڭ گۇناھكارلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ قۇتقۇزۇشىغا

موهتاج ئىكەنلىكىمىزنى بىلىدىغاندىمىز، لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئېتىقادچى بولالمايمىز. بىز چوقۇم ئەيسا مەسىھكە ئۆز ئىنكاسىمىزنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىمىزنى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇشىمىز، ئۇنى قۇتقۇزغۇچىم، رەببىم، دەپ ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. بىز بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى كېلەركى بابتا تەھلىل قىلىمىز. بىزنىڭ ھازىر تەھلىل قىلىدىغىنىمىز بۇ ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتىدۇر.

ھەزرىتى ئەيساغا بولغان ئېتىقادتا ئىلتىپاتلا بولۇپ قالماستىن، يەنە بىزدىن كۈتۈلگەن ئۈمىدلەرمۇ بار. ھەزرىتى ئەيسا قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىگە بويسۇنۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئىخلاسمەن بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ شاگىرتى بولۇشىنى ھەرگىز قارشى ئالمايدۇ. ئۇ قىزغىنلىقى بار، ئەمما مەسئۇلىيەتسىز ئادەملەرنى قۇرۇق قول قايتۇرىدۇ. لۇقا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەملەر توغرىسىدا توختىلىدۇ. بىرى، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشنى تەلەپ قىلغان ئادەملەر؛ يەنە بىرى، ھەزرىتى ئەيسا تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئادەملەر، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمىدى (9-باب، 57-ئايەتتىن 62-ئايەتكىچە). بايلىقى ناھايىتى كۆپ ياش يىگىتمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بولدى، ئۇ ئەخلاقلىق، سەممىي ئىدى، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ شارائىتىغا تايىنىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشمەكچى بولغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئاخىر قايغۇرغان پېتى كېتىپ قالدى،

گەرچە ئۇ شۇنداق باي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەزرىتى ئەيساغىمۇ ھەم مەڭگۈلۈك ھاياتلىققىمۇ ئېرىشەلمىدى.

بىر قېتىم، ھەزرىتى ئەيساغا بىر توپ ئادەملەر ئەگىشىۋالدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

> «ئەگەر ئاراڭلاردىكى بىرى مۇنار سالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن، يەتكۈدەك پۇل بارمۇ يوق دەپ، قانچە پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئىنچىكە ھېسابلىماي قالامدۇ؟ ئۇنداق قىلمىغاندا، مۇنارنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى پۈتكۈزەلمىسە، بۇنى كۆرگەنلەر، ‹بۇ ئادەم قۇرۇلۇشنى باشلاپ قويۇپ، ئايىغىنى چىقىرالمىدى › دەپ زاڭلىق قىلماي قالامدۇ» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 28-ئايەتتىن 30-ئايەتكىچە).

ھازىرمۇ ئېتىقادىنىڭ بېشىنى باشلاپ قويۇپ، ئاخىرىنى چىقىرالمايدىغانلار ئاز ئەمەس. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشنى ئاسانلا قارار قىلىدۇ يۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكەندىن كېيىن تۆلەيدىغان بەدەللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاشمايدۇ. ئاقىۋەتتە، ئاسانلا باشقىلارنىڭ كۆلكىسىگە قالىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ ئېتىقادىمىزغا بولغان كۆز قارىشىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇنى ئېنىق بىلىۋالايلىكى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆز ئىشەنگۈچىلىرىگە بولغان ئۆلچىمى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ بۇرۇنقى شاگىرتلىرىغا قانداق تەلەپنى قويغان بولسا، ھازىرقى ئېتىقادچىلارغا شۇنداق تەلەپنى قويىدۇ. ئۇ ھازىرمۇ بىزنىڭ ئۆزىگە پۈتۈن قەلبىمىز ۋە پۈتۈن جېنىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ئاتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاندىن، ئۇ شاگىرتلىرى بىلەن بىللە خالايىقنىمۇ چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

ـ كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى خالىسا، ئۆز خاھىشىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن! چۈنكى، ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدىغانلار ئەكسىچە ھاياتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. بىراق، ئۆز خاھىشىدىن ۋاز كېچىپ مەن ۋە خۇش خەۋەر ئۈچۈن ياشايدىغانلار ھاياتىنى ساقلىيالايدۇ. بىر ئادەم پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولۇپ ھاياتىدىن مەھرۇم قالسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟! نېمىنى تۆلەپمۇ ھاياتلىقىنى ئېرىشكىلى بولسۇن؟! بۇ زاماننىڭ ۋاپاسىز ۋە گۇناھكار كىشىلىرى ئالدىدا كىمدەكىم مەندىن ۋە مېنىڭ سۆزلىرىمدىن نومۇس قىلسا، ئىنسانئوغلى بولغان مەنمۇ ئاتامنىڭ شان ـ شەرىپى ئىچىدە مۇقەددەس پەرىشتىلەر بىلەن بىللە قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۇنىڭدىن

نوموس قىلىمەن» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 34-ئايەتتىن 38-ئايەتكىچە).

(1) مەسىھنىڭ چاقىرىقىغا ئەگىشىپ مېڭىش

ھەزرىتى ئەيسا كىشىلەرنى ئاددىي ئۇسۇلدا يەنى «ماڭا ئەگىشىپ ماڭ» دېگەن ئۈچلا سۆز بىلەن چاقىرىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ سادىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشىنى، ئۆزىگە بويسۇنۇشىنى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بىر ئادەم ئىككى خوجايىنغا خىزمەت قىلالمايدۇ. چوقۇم بىرىنىلا تاللىشى كېرەك. شاگىرتلارنىڭ ھەزرىتى ئەيسا تېخى بۇ دۇنيادىكى چېغىدا ۋاز كەچكىنى ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ياكى كەسپى ئىدى. مەسىلەن، سىمون بىلەن ئەندەر «ئۇلار شۇئان بېلىق تورلىرىنى تاشلاپ، ھەزرىتى ئەيسا بىلەن ماڭدى». ياقۇپ بىلەن يۇھاننا «ئۇلار ئاتىسى زەبەدىينى مەدىكارلار بىلەن بىللە كېمىدە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ھەزرىتى ئەيسا بىلەن ماڭدى».

مەتتا باجخانىدا ئولتۇراتتى. ھەزرىتى ئەيسا چاقىرغاندىن كېيىن، ئۇ «ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشنى تاشلاپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشتى» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 16-ئايەتتىن 20-ئايەتكىچە؛ «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 27- ۋە 28-ئايەت).

رەب ئەيسانىڭ چاقىرىقى تاكى بۈگۈنگە قەدەر پىرىنسىپ جەھەتتىن ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇ ھېلىھەم بىزگە: «ماڭا ئەگىشىپ ماڭ» دەيدۇ، شۇنداقلا «قايسىڭلار بولسۇن بار-يوقۇڭلاردىن ۋاز كەچمىسەڭلار، مېنىڭ شاگىرتىم بولالمايسىلەر» دەيدۇ «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 33-ئايەت). شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ سۆزىنى ھەرىكەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۆپلىگەن ئېتىقادچىلارنىڭ چوقۇم خىزمىتىدىن ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، لېكىن بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئېتىقادچىلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ئالمىشىشى كېرەك يەنى بىز قەلبىمىزدە ئائىلىمىزنى ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويماستىن، ئەكسىچە خۇدانى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك.

بىز تۆۋەندە ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىپ مېڭىشتا ھازىرلىنىشى كېرەك بولغان ياكى كەم بولسا بولمايدىغان ئىشلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

بىرىنچى، بىز چوقۇم گۇناھتىن يىراقلىشىشىمىز ياكى ئۇنى تاشلىشىمىز لازىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز توۋا قىلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىپ مېڭىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، بۇ قەدەمگە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا سەل قاراشقا بولمايدۇ. توۋا قىلىش بىلەن ئېتىقاد بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. توۋا قىلىش دېگىنىمىز ھەرخىل يامان ئوي-پىكىر، ئەخلاقسىزلىق، يامان ھەرىكەتلەر ۋە يامان ئادەتلەردىن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلىشنى كۆرسىتىدۇ. توۋا قىلىشتا ئازابلىنىش ۋە

خۇدادىن كەچۈرۈم سوراشلا كۇپايە قىلمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، توۋا قىلىش ھەرگىزمۇ ھېسسىيات جەھەتتىكى ياكى ئېغىزدىكى ئىش ئەمەس. توۋا قىلىش گۇناھقا ۋە كۆز قاراشقا بولغان پوزىتسىيىمىزنىڭ چىن قەلبىمىزدىن ئۆزگىرىشىدۇر. بۇ خىل ئۆزگىرىش ھەرىكەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىشىنىڭكى، ئۆزىڭىزنى ھەزرىتى ئەيساغا تاپشۇرسىڭىز، ئۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز كاللىڭىزدىكى سىز توۋا قىلىپ كېتەلمەيۋاتقان گۇناھلىرىڭىزنى چوقۇم تاشلىۋېتەلەيسىز. سىز چوقۇم ئۇنىڭ تەلىملىرى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ۋىجدانى بويىچە ئىش كۆرۈڭ، مۇشۇنداق بولغاندا، مەسىھ سىزنى ھەققانىيەت يولىغا قەدەممۇ قەدەم يېتەكلەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا سىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن خاتالىقلىرىڭىزنى، مەيلى ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەت ياكى ئويۇن-تاماشا جەھەتتىكى خاتالىق بولسۇن، ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىڭىز بولسۇن، ھاكاۋۇرلۇق، ھەسەت قىلىش، غەزەپ ۋە ياكى باشقىلارنى كەچۈرمەسلىك جەھەتلەردە بولسۇن، سىز دەرھال تۈزىتىشىڭىز كېرەك. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئادەمنى گۇناھ سادىر قىلغۇزغان ئەزانى، مەيلى ئۇ كۆز ياكى پۇت-قول بولسۇن كېسىپ تاشلا، دېگەن تەلىمىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدىن چىقارمايلى.

بىزنىڭ توۋا قىلىشىمىز بەزىدە باشقىلارغا سالغان زىيىنىمىزنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. بۇ بىز ئىلگىرى زىيانكەشلىك قىلغان ئادەملەرگە ئۇلارنىڭ تارتقان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشىمىز كېرەك، دېگەنلىكتۇر. بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىز

خۇدانىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىدۇ، بىزنىڭ بۇنى تولۇقلاشقا ئامالىمىز يوق. پەقەتلا ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقىلا بۇنداق ئۈنۈمگە ئىگە. ھالبۇكى، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتسا، بىز ئۇنىڭ ئورنىنى ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بىرىچە تولۇقلاپ بېرىشىمىز كېرەك، «مۇقەددەس كىتاب»تا، باجگىر زاككاي توۋا قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆزى ئالدىغانلارغا ھەسسىلەپ پۇل تۆلەپ بېرىدۇ، ھەتتا تولۇقلاشقا ئامالسىز قالغانلىرىنى مال-مۈلكىنىڭ يېرىمىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق تۆلەيدۇ. بىزمۇ ئۇنى چوقۇم ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ بەلكىم باشقىلارغا تولۇقلاپ بېرىدىغانلىرىمىز پۇل ياكى ۋاقىت، گەپ تارقاتقان بولساق، ئۇنى تۈزىتىش، مال-مۈلۈكنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش، باشقىلاردىن كەچۈرۈم سوراش، ياكى بۇزۇلغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىز ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزنى چوقۇم تولۇق ئادا قىلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، بىز ئۆزىمىزنى چوقۇم ئۇنتۇشىمىز كېرەك. ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىش ئۈچۈن بىز بارلىق گۇناھلىق ئىشلىرىمىزنى تاشلاپلا قالماستىن، يەنە ئۆز-ئۆزىمىزنى مەركەز قىلىش ئىدىيىمىزنىمۇ تاشلىشىمىز لازىم. ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىش دېمەك ئۆز-ئۆزىمىزنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ھەزرىتى ئەيساغا تاپشۇرۇش دېمەكتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىمىزنى كۆڭلىمىزنىڭ تۆرىدىن چۈشۈرۈپ، رەب ئەيساغا بۇ تۆردىن ئورۇن بېرىش

دېگەنلىكتۇر. «مۇقەددەس كىتاب»تا ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى چوقۇم ئۇنتۇپ، ئاندىن ئۆزگە ئەگىشىشىمىز توغرىسىدا قىلغان تۆۋەندىكىدەك سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن.

«كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى خالىسا، ئۆزىنى ئۇنتۇشى كېرەك». ئۆزىنى ئۇنتۇش دېگەنلىك ئۆزىنى مەلۇم نەرسىدىن چەكلەش دېگەنلىك ئەمەس، بۇ خۇدانى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزى تەشەببۇسكارلىق ئورۇنغا ئۆتۈۋالماسلىق؛ ئۆزىنى رەت قىلىپ، مەسىھنى ھەر ۋاقىت ئېتىراپ قىلىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىككىنچى سۆزى «كرېستىنى كۆتۈرۈش»تۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«كىمدەكىم ماڭا ئەگىشىشنى خالىسا، خۇددى
ئۆزىنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئادەمدەك،
ھەر كۈنى ماڭا ئەگەشسۇن!».

دېمەك، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكۈچىلەر قۇربان بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى كېرەك.

ھەزرىتى ئەيسا يەنە :«بۇ دۇنيادا جېنىنى ئايىمىغۇچىلار مەڭگۈلۈك ھاياتنى ساقلايدۇ» دېگەنىدى. بۇ يەردىكى «ھاياتلىق» سۆزى بىزنىڭ جىسمانىي تېنىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ياكى روھىمىزنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى بىزنىڭ ئۆزىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشتە بىز ئۆزىمىزنى چوقۇم ئۇنتۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ كرېستىنى كۆتۈرۈشىمىز ۋە ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىز لازىم. دېمەك، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئېتىقادچىلارغا قويغان تەلىپى مانا

مۇشۇنداق قەتئىي. بۇ بىزنى ئۆزىمىز خالىغان ئىشنى قىلىشقا چاقىرمايدۇ، ئۇنىڭغا كىرەكى بىزنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزدۇر. بىز ھەرقانداق ئىشتا ئۇنى رەب، دەپ تونۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئىرادىسى بۇيۇكتۇر.

بىز ئەيسا مەسىھنى رەب، دەپ تونىغانىكەنمىز، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك، ھەتتا بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە. خۇدانىڭ ھەربىرىمىزگە قارىتىلغان پىلانى ئوخشىمايدۇ. بىز ئۇنىڭ پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلىرى. خۇدانىڭ پىلانى بەلكىم ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ياكى ئۆزىمىزنىڭ پىلانىغىمۇ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئەقىللىق ئېتىقادچى ھەرگىزمۇ ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ خۇدا ئۆزىگە قىلدۇرماقچى بولغان ئىشنى قىلىۋاتقان ياكى ئۇنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بەلكىم ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تېڭىرقاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر بىز ھەزرىتى ئەيسانى رەب دەپ تونۇساق، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ يەردە بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق. خۇدا ئۆزى چاقىرغان ھەربىر ئېتىقادچىغا ئۇنىڭغا لايىق كىلىۋاتقان «ۋەزىپە» بېرىپ، ئۇلارنى باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ سەۋەبىدىن بىز باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولىمىز. ئېتىقادچىلار ئۆزى ئۈچۈن ياشىماسلىقى كېرەك. ئەمدىكى مەسىلە بىز قانداق ئۇسۇل بىلەن خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز

كېرەك، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بەزىلەر يېتەكچى، يەنە بەزىلەر تەلىم بەرگۈچى بولىدۇ. خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا پەقەت يېتەكچى ياكى تەلىم بەرگۈچى بولۇش كېرەك، دەپ ئويلاپلا قالماڭ. خۇداغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتىمۇ نۇرغۇن. مەسىلەن، قىزلار چاقىرىلىپ، باشقىلارنىڭ ئايالى بولۇشى، ئانا بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئائىلە ئايالى بولۇشى مۇمكىن، ۋە ياكى ئېتىقادچىلارنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، دوختۇرلۇق، تەتقىقات، قانۇن، مائارىپ، مەركەز ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ۋە سودا-سېتىق ساھالىرىدە خىزمەت قىلىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن. خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئىزدەشتە ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. خۇدا ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بىزگە چوقۇم بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بىلگەنىكەنمىز، ھەرگىز بىخەستىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بىز ئۇنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. «كولوسىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 3-باب، 23-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

> «ھەرقانداق ئىش قىلغاندا، جان-دىل بىلەن قىلىڭلار. بۇنى ئادەملەر ئۈچۈن ئەمەس، رەببىمىز ئۈچۈن قىلغاندەك قىلىڭلار».

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىمۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئاستىدا بولۇشى كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«مېنى دۇنياغا تىنچلىق ئېلىپ كەلدىمكىن، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن تىنچلىق ئەمەس، بەلكى جېدەل-ماجىرا ئېلىپ كەلدىم» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 34-ئايەت).

ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىپ مېڭىشتا، بەزىلەرنىڭ ئائىلىسىدە قارشىلىق، ئۇرۇش-جېدەل پەيدا بولىدۇ. ئائىلىلەردە كۆرۈلىدىغان بۇ خىل توقۇنۇش كۆپ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. ئېتىقادچى قەستەن توقۇنۇش پەيدا قىلماسلىقى كېرەك، ئۇلار چوقۇم ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلەپ، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشى لازىم. ئۇلارغا خۇداغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىش شەرتى ئاستىدا، يول قويۇشىمىز لازىم. ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىمىزدىن ھەگىز چىقارماسلىقىمىز كېرەك:

«ئاتا-ئانىسىنى مەندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلار مېنىڭ شاگىرتىم بولۇشقا لايىق ئەمەس. پەرزەنتلىرىنى مەندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلارمۇ مېنىڭ شاگىرتىم بولۇشقا لايىق ئەمەس» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 37-ئايەت).

ئۇنىڭدىن باشقا، ئېتىقادچىلار چوقۇم ئېتىقادچىلار بىلەن تويلىنىشى كېرەك. «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ بۇ جەھەتتىكى پوزىتسىيىسى ناھايىتىمۇ ئېنىق.

> «ئېتىقادسىزلار بىلەن بىر بويۇنتۇرۇقتا كىرمەڭلار. چۈنكى، ھەققانىيلىق بىلەن ھەققانىيسىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ ئورتاقلىق بولسۇن!؟» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» 6-باب، 14-ئايەت).

بۇ بۇيرۇق توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بولغان ياكى توي قىلىشقا پۈتۈشمەكچى بولغانلارغا قايغۇ-ھەسرەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتكە سەممىيەتلىك بىلەن يۈزلىنىشى كېرەك. نىكاھ ھەرگىزمۇ ئىنسانلارغا قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئادەت ئەمەس. نىكاھ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان تۈزۈم. نىكاھ پەقەتلا تەن، ھېسسىيات ۋە ئىدراك جەھەتتىكى بىرلىشىش بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە روھنىڭمۇ بىرلىشىشىدۇر. ئەگەر بىر ئېتىقادچى روھىي جەھەتتە بىرگە بولالمايدىغان بىرسى بىلەن تويلاشسا، ئۇ خۇداغا قارشى چىقىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزى بەھرىمان بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل نەرسىلەردىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ. شۇنداقلا، مۇنداق نىكاھتىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرمۇ خەتەر ئىچىدە قالىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئائىلىسىدىكى دىنىي توقۇنۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ-دە، ئۆزلىرى ئاتا-ئانىسىدىن ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئېتىقاد تەربىيىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنى ھەزرىتى ئەيساغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى، مەسىلەن، پۇل ۋە ۋاقتىنىمۇ ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا بايلىق ئۈستىدە توختالغاندا، بايلىقنىڭ خەتىرىنىمۇ دائىم كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىملىرىنىڭ كۆپ جايلىرى ئادەمنى تەشۋىشكە سېلىپ قويىدۇ. ئۇ شاگىرتلىرىغا بەزىدە بارلىقىنى باشقىلارغا سەدىقە قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ بۈگۈنمۇ ئۆزى چاقىرغانلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ كۆپ قىسىم ئادەملەرگە بايلىقىڭلارنى سەدىقە قىلىڭلار دېمەي، ئىچكى دۇنيايىڭلار ئازاد بولسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلغاندى. «مۇقەددەس كىتاب»تا بايلىق يامان نەرسە، دېيىلمىگەن. لېكىن مەسىھنىڭ تەلىپى شۇكى، خۇددى بىز ئۇنى ئائىلىمىزدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغاندەك، ئۇنى يەنە بايلىقتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغان قويۇشىمىز كېرەك. بىز بىرلا ۋاقىتتا ھەم خۇداغا ھەم بايلىققا خىزمەت قىلالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە پۇلنى ئىشلىتىشكىمۇ قاتتىق دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش خىزمىتىگە نىسبەتەن مەردلىك بىلەن ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

بۈگۈنكى دەۋردە، ۋاقىت ھەربىر شەخسنىڭ مەسىلىسىدۇر. تۇۋا قىلىپ، خۇداغا ئەگەشكەن ھەربىر ئېتىقادچى ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى چوقۇم مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشۇ ئالدىراشچىلىقلار ئىچىدىن چوقۇم ھەر كۈنى «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇيدىغان، دۇئا

قىلىدىغان، يەكشەنبە كۈنى ئىبتىقادچىلار جامائەتچىلىكگە قوشۇلۇپ ئىبادەت قىلىدىغان، باشقا قېرىنداشلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ۋاقىتنى ئاجرىتىشى كېرەك.

ئەگەر بىز گۇناھلىرىمىزغا توۋا قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىمىز دەيدىكەنمىز، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بارلىق ئىشلار كەم بولماسلىقى كېرەك.

### (2) مەسىھنىڭ چاقىرىقىنى ئېتىراپ قىلىش

ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ ئۆزىگە شەخسىي تۇرمۇشىمىزدىلا ئەگىشىپ قالماستىن، يەنە كۆپچىلىك ئالدىدىمۇ ئۆزى ئېتىراپ قىلىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا رەت قىلساق، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بىكار بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ زاماننىڭ ۋاپاسىز ۋە گۇناھكار كىشىلىرى ئالدىدا كىمدەكىم مەندىن ۋە مېنىڭ سۆزلىرىمدىن نومۇس قىلسا، ئىنسانئوغلى بولغان مەنمۇ ئاتامنىڭ شان-شەرىپى ئىچىدە مۇقەددەس پەرىشتىلەر بىلەن بىللە قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىمەن».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«كۆپچىلىك ئالدىدا مېنى ئېتىراپ قىلغانلارنى مەنمۇ ئەرشتىكى ئاتامنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىمەن. بىراق، كۆپچىلىك ئالدىدا مېنى رەت

قىلغانلارنى مەنمۇ ئەرشتىكى ئاتام ئالدىدا رەت قىلىمەن» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8:38 ؛ «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10ـباب 32ـ ۋە 33ـئايەت).

ھەزرىتى ئەيسانىڭ مەندىن نومۇس قىلماسلىقىڭلار كېرەك، دېگەن بۇ تاپشۇرۇقى بىزگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ يەنى بىز بەلكىم ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىپ، سىناقتا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. ئۇ بۇ ۋاپاسىز ۋە گۇناھكار زاماندا، دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، سىناقنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېتىقادچىلار بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا قارشى ئېلىنمايدۇ. شۇڭا، بىزگە ناھايىتى چوڭ غەيرەت ۋە شجائەت كېرەك.
ھالبۇكى، ئېتىقادچىلارنىڭ مەسىھنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشتۇر. پاۋلۇس بۇنى قۇتقۇزۇلۇشنىڭ شەرتى، دەپ قارايدۇ. ئۇ بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىمىز پەقەتلا قەلبىمىزدە ئىشىنىشتىنلا ئەمەس، بەلكى ھەزرىتى ئەيسانى ئېغىزىمىزدا رەب، دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىمىزدىن بولىدىغانلىقىنى بىيتقاندى،

«دېمەك، ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلساڭ ۋە خۇدانىڭ ئۇنى تىرىلدۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىڭدىن ئىشەنسەڭ، قۇتقۇزۇلىسەن. چۈنكى، ئىنسان چىن قەلبىدىن ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق

هەقىقانىي ئادەم دەپ جاكارلىنىدۇ، ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىدۇ» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب، 9- ۋە 10-ئايەت).

پاۋلۇسنىڭ بۇ سۆزى بەلكىم سۇغا چۆمۈلدۈرۈشكە قارىتىلىپ ئېيتىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. توۋا قىلىپ، خۇداغا تەۋە بولغان ئادەم سۇغا تېخى چۆمۈلدۈرۈلمىگەن بولسا، چۆمۈلدۈرۈلۈشنى چوقۇم قوبۇل قىلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا، بىر تەرەپتىن سۇ ئارقىلىق قەلبىنىڭ پاكلىقىنى ۋە يېڭى ھاياتنىڭ تامغىسىنى قوبۇل قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزنىڭ ئەيسا مەسىھنى رەب، دەپ قارايدىغانلىقىمىزنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ئېتىراپ قىلغان بولىمىز. لېكىن، مەسىھنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىش پەقەت سۇغا چۆمۈلدۈرۈش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بىز ئاتا-ئانىلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىزغا ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادچى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا بىز ھەزرىتى ئەيساغا گۇۋاھلىق بېرىش پۇرسىتىگە ئاستا-ئاستا ئېرىشىمىز. لېكىن، بىز ناھايىتى سەۋرچان ۋە كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك. باشقىلارنى مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە ئەزا بولۇشىمىز ھەمدە باشقا ئېتىقادچىلار بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن ھەرقانداق قارشىلىقتىن قورقماسلىقىمىز، شۇنداقلا دۇئا

قىلىش، ئۆزىمىز ئۆلگە كۆرستىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش ئارقىلىق، دوستلىرىمىزنى خۇدا يولىغا باشلىشىمىز كېرەك.

(3) مۇددىئا

ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزگە مۇشۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇشى ئەلۋەتتە ناھايىتىمۇ يوللۇق، چۈنكى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ناھايىتى يېتەرلىك سەۋەب بار. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە پۈتۈنلەي بېغىشلىماقچى بولساق، بىزدە چوقۇم تۆۋەندە ئېيتقىنىمىزدەك ھەم كۈچلۈك ھەم بىزنى ئالغا ئىلگىرلەتكۈدەك مۇددىئا بولۇشى كېرەك.

بىزنى ئالغا ئىلگىرلەتكەن بىرىنچى مۇددىئايىمىز «ئۆزىمىزنىڭ سەۋەبىدىن» بولۇشى كېرەك.

«چۈنكى، ئۆزى ئۈچۈن ياشايدىغانلار ئەكسىچە ھاياتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. بىراق، ئۆز خاھىشىدىن ۋاز كېچىپ مەن ۋە خۇش خەۋەر ئۈچۈن ياشايدىغانلار ھاياتىنى ساقلىيالايدۇ. بىر ئادەم پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولۇپ ھاياتىدىن مەھرۇم قالسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟! نېمىنى تۆلەپمۇ ھاياتلىقنى ئېرىشكىلى بولسۇن؟!» («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 35-، 36- ۋە 37-ئايەت).

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەيساغا تاپشۇرغاندىن كېيىنمۇ، زىيان تارتىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار

ھەزرىتى ئەيسانىڭ كېلىشىنىڭ «ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقىغا ئېرىشىشى ۋە ئۇ ھاياتلىقنىڭ مول بولۇشى ئۈچۈن»لىكىنى ئۇنتۇپ قالغان («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 10-ئايەت). دېمەك، ئۇنىڭ مەقستى كىشىلىك ھاياتنى تېخىمۇ مەنىلىك ۋە مول قىلىشتۇر. خۇداغا خىزمەت قىلىش بىر خىل «تەلتۆكۈس ئەركىنلىكتۇر». بىز مەسىھكە بويسۇنغان چېغىمىزدا، ئەلۋەتتە، بەزى زىيانلارغا بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك. بىز يۇقىرىدا بىزنىڭ چوقۇم ۋاز كېچىشىمىز كېرەك بولغان گۇناھ ۋە شەخسىيەتچىلىكلەر توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بىز بەلكىم بەزى دوستلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن، خۇدا تارتقان زىيانلىرىمىزنى ھەسسىلەپ تولۇقلاپ بېرىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ھەزرىتى ئەيساغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى قۇربان قىلسىڭىز، سىز بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە ئېرىشىسىز. مانا بۇ ئېتىقادچىلارنىڭ تەجرىبىسىدىكى ئاجايىپ بىر زىددىيەتتۇر. ئۆزىنى ھەقىقىي ئاتاش ئۆزىنى ھەقىقىي بايقاشتۇر. ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ياشاش ئۆلۈم يولىنى ئىزدىگەنلىك بولىدۇ. خۇدالىق ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۈچۈن ياشاش بولسا ھەقىقىي ئەقىل-پاراسەت ۋە ھەقىقىي ھاياتلىقتۇر. بىز خۇداغا ۋە ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاتاشنى خالىغىنىمىزدا، ئۆزىمىزگە ھەقىقىي ئېرىشىشكە باشلايمىز.

ھەزرىتى ئەيسا بۇ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا بىلەن بىر ئادەمنىڭ روھىنى سېلىشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ سودا-سېتىق جەھەتتىكى

پايدا-زىيان مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ: «ئەگەر سەن پۉتۉن دۇنياغا ئېرىشىپ، ئەمما ئۆزۉڭدىن ئايرىلىپ قالساڭ، سەن قانداق پايدىغا ئېرىشەسەن؟» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە چۉشەندۉرمەكچى بولۇۋاتقىنى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئەڭ ئاددىي پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق، ئۆزىگە ئەگىشىشنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى سودا ئىكەنلىكىدۇر. چۉنكى، ئۇنىڭغا ئەگەشسەك، بىز ئۆزىمىزگە ئېرىشەلەيمىز، ئۇنى رەت قىلساق، مەيلى بىز ۋاقىتىنچە قانچىلىك بايلىق توپلىمايلى، ئۆزىمىزدىن يەنىلا ئايرىلىپ قالىمىز، مەڭگۉلۉك ھاياتلىقنى يوقىتىپ قويىمىز. نېمە ئۉچۉن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، بىرىنچىدىن، بىز پۉتۉن دۇنيانى ھەرگىز تېپىپ بولالمايمىز. ئىككىنچىدىن، پۉتۉن دۇنيانى تاپتۇقمۇ دەيلى، لېكىن ئۇنىڭ پايدىسىنى مەڭگۉ كۆرەلمەيمىز. بايلىق بىزنى مەڭگۉ قانائەتلەندۉرەلمەيدۇ. «ئىنسان يەنە نېمىسى بىلەن ئۆز ھاياتىنى قايتۇرۇۋالالىسۇن؟» ھېچقانداق نەرسىنىڭ ھاياتىمىزنى قايتۇرۇۋالغۇدەك قىممىتى يوقتۇر. ئېتىقادچى ئىكەنمىز، ئەلۋەتتە بەدەل تۆلەيمىز، لېكىن، ئېتىقادسىزلارنىڭ تۆلەيدىغىنى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشىدىكى ئىككىنچى مۇددىئاسى«باشقىلارنىڭ سەۋەبىدىن بولۇشى كېرەك». بىزنىڭ ئۆزىمىزنى مەسىھكە تاپشۇرۇشىمىز پەقەت بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۉچۉنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزىمىزمۇ باشقىلارغا بىرەر نەرسىنى بېرىش ئۉچۉن بولۇشى كېرەك. «خۇش خەۋەر ئۉچۉن...جېنىنى ئايىمىغۇچىلار،

مەڭگۈلۈك ھاياتنى ساقلايدۇ». «خۇش خەۋەر ئۈچۈن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «باشقىلارغا خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن» دېگەن. بىز مەسىھتىن ۋە ئۇنىڭ تەلىملىرىدىن نومۇس قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى بىز ئۇنىڭ تەلىملىرىدىن تېخىمۇ ئىپتىخارلىنىپ، ئۇنى باشقىلارغىمۇ يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

بىز ھەممىمىز گۇناھقا تولغان بۇ دۇنيانىڭ تراگېدىيىلىرىنى ھېس قىلالايمىز. بەزى ئادەملەر بۇ دۇنيانىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ئېتىقادچىلار بۇ خىل مەنىسىز ئىشلارنىڭ قۇربانى بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى «دۇنيانىڭ تۇزى» ۋە «دۇنيانىڭ نۇرى»غا ئوخشىتىدۇ. ئېتىقادچىلار دۇنيانىڭ تۇزى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ بەختتىن باشقىلارنىمۇ تەڭ بەھرىمان قىلىشى كېرەك. بىزنىڭ ئېتىقادچىلارغا خاس تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز ۋە ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان ئائىلىنى بەرپا قىلىشىمىزنىڭ ئۆزى چوڭ تۆھپىدۇر.

ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆزىنى ئاتاشتىكى ئۈچىنچى مۇددىئاسى يەنى ئەڭ بۈيۈك مەقستى يەنىلا «مەسىھنىڭ سەۋەبىدىندۇر». «مەن ئۈچۈن...جېنىنى ئايىمىغۇچىلار، مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى ساقلايدۇ». ئەگەر بىراۋ بىزگە بىرەر قىيىن ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى تاپشۇرسا، بىزنىڭ ئىنكاسىمىز كۆپ ھاللاردا بۇ قىيىن ۋەزىپىنى تاپشۇرغۇچىنىڭ «كىم»لىكىگە قاراش بولىدۇ. ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرغۇچى بىزگە ئىلگىرى ياخشىلىق قىلغان بولسا، بىز ئاسانلا ماقۇل بولىمىز. ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزگە بۇنداق

قاتتىق تەلەپ قويۇشى ۋە بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن بويسۇنۇشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. ئۇ بىزنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، ئۆزىگە ئەگىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بىزدىن تەلەپ قىلغان قۇربانلىقنى «كىرىستنى كۆتۈرۈش» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغىنى ئۆزىنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن ئۈلگىسىدىن ئارتۇق بولمايدۇ. ئۇ بىز ئۈچۈن كىرىست كۆتۈردى. بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشىمىز پەقەت بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئەمەس ياكى ئۆزىمىزنى قۇربان قىلالايدىغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ ئەمەس، ئەكسىچە بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇنىڭ كۆرسىتەلىگەن پىداكارلىقى يەنى ئۆزىنى بىز ئۈچۈن ئاتىغانلىقىدۇر. ئەگەر ئۆزىنى پىدا قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەك دېيىلسە، ئۇنىڭ تۆلىگىنى بىزنىڭكىدىنمۇ كۆپ. ئۇ بۇ دۇنياغا كەلگەندە، ئاتىسىنىڭ شان-شۆھرىتىدىن ۋە تۈمەنلىگەن پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىسىدىن ئايرىلدى. ئۇ كەمتەرلىك بىلەن ئادەمگە ئايلاندى. ئات ئوقۇرىدا تۇغۇلدى. جاپالىق ياغاچچىلىق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزدى. ئاددىي ئادەملەر بىلەن بىرگە ياشىدى، كىرىستتا ئۆلۈپ، بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى زىممىسىگە ئالدى.

پەقەت كىرىستنى چۈشەنگەن كىشىلا ئۆزىنى پىدا قىلىپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشنى خالايدۇ. بىزنىڭ كىرىستىمىز ئۇنىڭ كىرىستىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە

ئەرزىمەيدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ تارتقان جاپالىرىنى ئويلىساق، تاللاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. بىز بىزنى بۇنچىۋالا سۆيگەن خۇدادىن قانداقمۇ ئايرىلىمىز؟ ئۇنى قانداقمۇ رەت قىلالايمىز؟

# 10
# تاللاش

ئېتىقادچى چوقۇم تاللاش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئۇقۇم ناتونۇشتۇر. بەزى ئادەملەر خرىستىئان دىنىنى ئاساس قىلغان دۆلەتتە تۇغۇلغاچقا، ئۆزلىرىنى تەبىئىي ھالدا ئېتىقادچى ھېسابلايدۇ. ئۇلار: «بىز يەھۇدىيمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس، بۇددىستمۇ ئەمەس، شۇڭلاشقا ئۈچۈن بىز ئېتىقادچى ھېسابلىنىمىز» دېيىشىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەر: «بىز خرىستىئانلاشقان تەربىيىنى قوبۇل قىلدۇق، خرىستىئان دىنىنىڭ تەلىملىرىنى ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىنى قوبۇل قىلىشنى خالايمىز، بىز يەنە قانداق قىلساق بولاتتى؟» دېيىشىدۇ. لېكىن، بىر ئادەمنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ كىم بولۇشىدىن ۋە ئۇنىڭ قانداق مۇھىتتا تەربىيىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر قۇرامىغا يەتكەن ھەربىر ئادەم ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقنى ئۆز تاللىشى كېرەك. بىز بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇۋالساق بولمايدۇ. جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ھېچكىم بىز ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. بىز ئۆزىمىز بىر قارارغا كېلىشىمىز كېرەك.

بىز بەلكىم ھەزرىتى ئەيسا توغرىسىدىكى بارلىق ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىدىغاندىمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ گۇناھكارلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدىغاندىمىز. مۇشۇنداق بىر قۇتقۇزغۇچىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى

بىلىدىغاندىمىز. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئېتىقادچى بولۇشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. بۇلار بىزنىڭ ئېتىقادچى بولۇشىمىزنىڭ پەقەتلا ئالدىنقى شەرتىدۇر. ھەقىقىي ئېتىقاد ئەقلىي جەھەتتە يۈكسەلگەن ئېتىقادنى ھەرىكىتىمىزنىڭ ھەل قىلغۇچ تايانچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشتۇر.

ئىلگىرى، مەن ئۆزۈممۇ ھەزرىتى ئەيسا كىرىستىتە ئۆلگەنىكەن، بۇ رەسمىيەت ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا خۇدا بىلەن ياراشتى، دەپ ئويلايتىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن تۇنجى قېتىم باشقىلاردىن ئەيسا مەسىھنى ۋە ئۇنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى ئۆزۈم شەخسەن قوبۇل قىلىشىمنىڭ لازىملىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، بەكمۇ گاڭگىراپ قالغانىدىم. خۇداغا شۈكرى، مەن بۇ ھەقىقەتلەرنى ئاخىر چۈشىنىپ، ئۆزۈمنىڭ تاللىشىنىڭ بەكمۇ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم. «مۇقەددەس كىتاب» بۇ خىل مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلىگەندە ئىشلەتكەن كىشىلىك ئالماشلارغا نەزەر سالايلى.

«پەرۋەردىگار مېنىڭ چوپانىم، مەندە ھېچنېمە كەم ئەمەس».
«پەرۋەردىگار مېنىڭ نۇرۇم، مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم».
«ئى خۇدا! سەن مېنىڭ خۇدايىم»،
«رەببىم ئەيسا مەسىھنى تونۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ئالدىدا ھەرقانداق ئىش قەدىرسىزدۇر» («زەبۇر» 23-باب، 1-ئايەت؛ 27-باب، 1-ئايەت؛

63ـباب، 1ـئايەت؛ «فىلىپىلىقلارغا يېزىلغان خەت» 3ـباب، 8ـئايەت).

«مۇقەددەس كىتاب»تىكى بىر ئايەت نۇرغۇن ئىزدەنگۈچىلەرگە ئېتىقاد قىلىشتا (مەنمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بىسىپ ئۆتۈشكە زۆرۈر قەدەم باسقۇچلارنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئايەت دەل ھەزرىتى ئەيسانىڭ سۆزىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«قارا، مەن ھازىر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، ئىشىكنى قېقىۋاتىمەن. ئەگەر بىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە غىزالىنىدۇ» («ۋەھىيلەر» 3ـباب، 20ـئايەت).

ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ ئىشىكىمىزنى چېكىشى بىز ئۈچۈن زور شەرەپ. ئۇ بىزنىڭ ھايات ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا، ئىشىكىمىزنى چېكىپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. دىققەت قىلىڭكى، ئۇ ئىشىك سىرتىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىرمەيۋاتىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا بىزگە گەپ قىلىۋاتىدۇ، ئەمما توۋلىمايۋاتىدۇ. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا ھەرگىزمۇ زورلۇق بىلەن بۆسۈپ كىرمەيدۇ. ئۇ بۇيرۇق قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولسىمۇ، لېكىن بىزگە سىلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ

كەمتەرلىكى ۋە بىزگە بەرگەن ئەركىنلىكىدۇر.

لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈن كىرىشنى خالايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتىمۇ ئېنىقتۇر. ئۇ كىرىپ بىزنىڭ رەببىمىز ۋە قۇتقۇزغۇچىمىز بولماقچى. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىز بولۇش ئۈچۈن ئۆلگەن. ئەگەر بىز ئۇنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ نەتىجىسىنى بىزگە ئىشلىتەلەيدۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەن ھەممىنى يېڭىلايدۇ، ھەممىنى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىزنى پاكلايدۇ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. ئۆتمۈشىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىجازىتى بىز بىلەن ھەمداستىخان بولۇش ۋە بىزنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزۇشتۇر. بۇ سۆز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشتىكى خۇشاللىقنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئۇ ئۆزىنى بىزگە ئاتا قىلىپلا قالماستىن، يەنە بىزنىڭمۇ ئۆزىگە ئۆزىمىزنى ئاتا قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇرۇن بىز ھەزرىتى ئەيسا بىلەن يات ئادەملەردىن ئىدۇق، بىز ھازىر دوست بولدۇق بۇرۇن بىزنى بىر ئىشىك ئايرىپ تۇراتتى، ھازىر دەرقەمتە ئولتۇرۇۋاتىمىز.

ئەيسا مەسىھ كىرىپ، بىزنىڭ خوجايىنىمىز بولماقچى. بىز ھاياتىمىزنىڭ ئۆيىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ يەردىكى مەسىلە بىز چوقۇم ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىشنى خالىشىمىز كېرەك، بولمىسا ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتىمىزنىڭ ئىچكى ھۇجرىلىرىغا ئەركىن كىرىشى

ئۆچۈن، بارلىق ئاچقۇچلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشىمىز زۆرۈر. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ بارلىق گۇناھلارنى تاشلاپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشتىكى بىرخىل ئىرادىدۇر.

سىز يەنە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتامسىز؟ سىز ئەيسا مەسىھكە تەسلىم بولۇشنى نامۇۋاپىق دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئەيسا مەسىھكە تەسلىم بولۇش نىكاھتىكى تەسلىمدىنمۇ مۇۋاپىقراق. نىكاھ مۇناسىۋەتتىدە، ئەر-ئايال ئۆزلىرىنى بىر-بىرىگە شەرتسىز تاپشۇرۇشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى بىلمەيدۇ. بىراق، ئۇلار ئۆز ئارا سۆيۈشىدۇ، ئۆز ئارا ئىشىنىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر-بىرىنى قوبۇل قىلىپ: «بۈنىڭدىن كېيىن، مەيلى ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز كۈنلەردە بولسۇن، مەيلى بايلىقتا ياكى كەمبەغەلچىلىكتە بولسۇن، مەيلى ساغلام ياكى كېسەل بولايلى ھەرقانداق ئەھۋالدا بىر-بىرىمىزنى سۆيۈپ تاكى ئۆلگۈچە ئايرىلمايمىز» دەپ قەسەم ئىچىشىدۇ (ئۆز ئارا نىكاھلىنىشىدۇ). ئادەملەر بىر-بىرىگە مۇشۇنداق ئىشىنىشكەن يەردە، بىز نېمە ئۈچۈن خۇدانىڭ ئوغلىغا ئىشىنەلمىگۈدەكمىز؟ ئۆزىمىزنى مەڭگۈلۈك خۇدا ئەيساغا تاپشۇرۇش ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغان ئادەمگە تاپشۇرغاندىن مۇۋاپىقتۇر. ئىشىنىڭكى، ھەزرىتى ئەيسا سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنى يەردە قويمايدۇ.

ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىمىز كېرەك. قۇلاقنى ئېچىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى رەت قىلىش بەكمۇ

ئىچىنىشلىق ئىش. بىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ۋىجدانىمىزنىڭ ئويغىتىشى بىلەن ئاڭلىيالايمىز. بەزىدە بىز ئەخلاقىقا يات ئىشلارنى قىلىپ قويىمىز، بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئەھمىيەتسىز دەپ قاراپ، زېرىكىشلىك ھېس قىلىمىز، بەزىدە چۈشەندۈرگۈسىز ھالدا روھىي جەھەتتىكى قاندۇرۇلۇشقا موھتاجلىقىمىزنى ھېس قىلىپ قالىمىز، بەزىدە ئاغرىپ قالىمىز، بەزىدە ئازابلىنىمىز، بەزىدە بىزنى ۋەھىمە باسىدۇ. بىز مۇشۇ ئىشلار ئارقىلىق مەسىھنىڭ ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىشىكنى چېكىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بەزىدە بىز دوستلىرىمىز، خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر ۋە كىتابلار ئارقىلىق: «قۇلىقى بارلار ئاڭلىسۇن» دېگەن سۆزنى ئاڭلايمىز، مانا بۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ سۆزىدۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئىشىكىمىزنى چوقۇم ئېچىشىمىز لازىم. بۇ بەكمۇ مۇھىم. ئەگەر بىز ئىشىكنى ئاچمىساق، مەسىھ ئۆزى ئىشىكنى ھەرگىز ئېچىپ كىرمەيدۇ.

بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى بىر ئىشتۇر. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر بىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن».

مانا بۇ سۆز ھەربىر ئادەمگە قارىتىلغاندۇر. ھەر بىر ئادەم بۇ قەدەمنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بېسىشى كېرەك. ھېچقانداق ئادەم بۇ ئىشقا ئارىلىشالمايدۇ. ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئېتىقادچىلار

جامائەتچىلىكنىڭ يېتەكچىلىرى، دوستلىرىمىز بىزگە يولنى كۆرسىتىپلا بېرەلەيدۇ. سىز بۇ ئىشىكنى پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ قولى بىلەنلا ئاچالايسىز.

بۇ بىر خىل يەككە-يېگانە ھەرىكەت. سىزنىڭ بۇ قەدەمنى بېسىشىڭىز پەقەت بىرلا قېتىم بولسا كۇپايە. ھەزرىتى ئەيسا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ قويىدۇ. بەلكىم گۇناھلىرىڭىز ئەيسانى بالكونغا قوغلاپ چىقىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇ سىزنى تاشلاپ كېتىپ قالمايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«سەندىن ئەسلا ئايرىلمايمەن، سېنى ئەسلا تاشلىمايمەن» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 13-باب، 5-ئايەت).

مەن بۇ يەردە سىز ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن خۇددى پەرىشتىدەك قانات چىقىرىسىز ھەم مۇكەممەل ئادەمگە ئايلىنىسىز، دېمەكچى ئەمەسمەن. سىز ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، بىر ئېتىقادچىغا ئايلىنىسىز، لېكىن تېخى يېتىلگەن ئېتىقادچىلاردىن بولالمايسىز. ئىشىكنى ئاچسىڭىز، مەسىھ ئىچىڭىزگە ھەش-پەش دېگۈچە كىرىپ، سىزنى پاكلايدۇ، گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرىدۇ. لېكىن، سىزنىڭ خاراكتېرلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ كېتىدۇ. تويى بولغان قىز بىلەن يىگىتنىڭ بىرلىشىشى بىردەمچىلىك ئىش، لېكىن، ئەمدىلا توي قىلغان بىر جۈپلەر بىرلىشىشى ئارقىلىق ئائىلىدىكى

سۆركىلىشنى ئاي ۋە يىللارسىز تۈگىتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى ھەررىتى ئەيساغا تاپشۇرۇش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىق ئارىلىقتىكى ئىش بولسىمۇ، ئۆز-ئۆزىمىزنى تەكشەش ئۆمۈرلۈك ئىشتۇر.

بۇ بىر خىل ئېھتىياتچان ھەرىكەت. سىز ئىشىكنى ئېچىشتا، ئاسماندىن چۈشكەن نۇرنىڭ سىزنى يورۇتۇشىنى پاكى ھاياجانلىنىشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. مەسىھ دۇنياغا كېلىپ، گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن ئۆلدى، ئۇ ھازىر ھاياتىڭىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە ئىشىكىڭىزنى چېكىۋاتىدۇ. ئەمدى ئىككىنچى قەدەمنى دەل ئۆزىڭىز باسىسىز. ئۇنىڭ قولى ئاللىقاچان ئىشىكنىڭ ھالقىسىدا، ئەمدى سىزنىڭ قولىڭىزنى ئىشىك تۇتقۇچىغا ئۇزىتىدىغان ۋاقىت كەلدى!

بۇ بىر خىل جىددىي ھەرىكەت. ئەگەر باشقا باھانە-سەۋەبلىرىڭىز بولمىسا، ئىشىكنى ئېچىشنى كېچىكتۈرمەڭ. چۈنكى، ۋاقىت ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. كەلگۈسىڭىز غۇۋادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ھازىر» ئەڭ ياخشى پۇرسەت. بۇنىڭ سىز ئۈچۈن كەتسە كەلمەس ياخشى پۇرسەتلىكىگىمۇ ھېچكىم تېخى بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. «ئەتەڭ ئۈچۈن كۆرەڭلىمە، چۈنكى كەلگۈسىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەن بىلمەيسەن». مۇقەددەس روھ مۇنداق دەيدۇ:

«بۈگۈن خۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا،
ئەجدادلىرىڭلار خۇداغا ئاسىيلىق قىلغانۋە
چۆلدە ئۇنى سىنىغان كۈنلەردىكىدەك

جاھىللىق قىلماڭلار» («پەندى ـ نەسىھەتلەر» 27 ـ باب، 1 ـ ئايەت؛ «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 3 ـ باب، 7 ـ ۋە 8 ـ ئايەت).

سىز بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى رۇسلىۋالاي، ئۆزۈمنى ئەيسا مەسىھنىڭ كىرىشى ئۈچۈن تەييارلاپ ئوڭشىۋالاي ياكى ئالدى بىلەن ئۆزۈمدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋالاي، دېگەن بىلەن ھەرگىز كېچىكتۈرمەڭ. سىز ئۇنىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىڭىزلا، شۇ كۇپايە. توغرا، ئالدىراپ تېنەپ قارار چىقىرىش خەتەرلىك، گۇمانلىنىپ كەينىگە سوزۇشمۇ خەتەرلىك. ئەگەر قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلسىڭىزلا، بۇ ئىشنى ھەرگىز كېچىكتۈرمەڭ.

بۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ھەرىكەت. ئېتىقادچىلىق تۇرمۇشىدا قىلىشقا تېگىشلىك باشقا نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار. مەسىلەن، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قاتنىشىش، باشقا ئېتىقادچىلار بىلەن ئالاقە قىلىش، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئىزدەش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە بىلىم جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلەش، خۇدا ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قاتارلىقلار. لېكىن، ئىشىكنى ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەت، ئېتىقادنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ، باشقا ھېچقانداق ھەرىكەت ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.

سىز بىر ئىتىقادچىمۇ؟ ئۆزىڭىزنى خۇداغا تاپشۇرغان ھەقىقىي ئىتىقادچىمۇ؟ بۇ بىر خىل كەسكىن مەسىلە بولۇپ، سىزنىڭ جاۋابىڭىز سىزنىڭ ئىتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قاتناشقان-قاتناشمىغانلىقىڭىز، پاك تۇرمۇش كەچۈرگەن-كەچۈرمىگەنلىكىڭىز (گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى بەك مۇھىم بولسىمۇ) بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قەلب ئىشىكىڭىزنىڭ ئىچىدە ياكى سىرتىدا ئىكەنلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

بەلكىم سىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆز ھاياتىڭىزغا كىرىشىنى خالاپ ئۇنىڭغا ھايات ئىشىكىڭىزنى ئېچىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن بۇ ھايات ئىشىكىنى ئۇنىڭغا ئاچقان-ئاچمىغانلىقىڭىز تېخى ئۆزىڭىزگە نائېنىق بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، مەن سىزگە بۇ ئىشنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئېيتىمەن. مەن سىزگە يەنە شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، سىز خالىي جايلارغا بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھىڭىزنى بوينىڭىزغا ئېلىپ ئۇنىڭغا توۋا قىلىپ، دۇئا قىلىڭ، شۇنداقلا يامان يولدىن يېنىپ، مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن قۇربان بولغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ، ئۇنى ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ رەببى قۇتقۇزغۇچىسى سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىڭ. تۆۋەندىكى دۇئا ئۈلگىسىنىڭ بەلكىم سىزگە ياردىمى بولۇپ قالار:

«ئى رەب ئەيسا! مەن ئۆزۈمنىڭ يولدىن ئاداشقىنىمغا ئىقرار، مەن ئوي-پىكىرلىرىمدە، سۆزلىرىمدە، ھەرىكەتلىرىمدە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم.

مەن گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئازابلىنىمەن، مەن تووۋا قىلىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىشنى خالايمەن. مەن سىزنىڭ مەن ئۈچۈن ئۆلۈپ، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى ئۆز زىممىڭىزگە ئالغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، مەن سىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ مېھىر-مۇھەببىتىڭىزگە تەشەككۇر ئېيتىمەن. مەن ھازىر قەلب ئىشىكىمنى ئاچتىم. ئى رەب ئەيسا! كىرىشىڭىزنى تىلەيمەن. كىرىپ مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم بولۇڭ، مېنى پاكلاڭ. كىرىپ مېنىڭ خوجايىنىم بولۇپ، مېنىڭ ھاياتىمنى باشقۇرۇڭ. مەن سىزنىڭ ماڭا بەرگەن كۈچ-قۇدرىتىڭىزگە تايىنىپ، سىز ئۈچۈن ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلىمەن. ئامىن».

ئەگەر سىز دۇئا قىلغان ھەم سەممىيلىك بىلەن شۇنداق قىلغان بولسىڭىز، ھەزرىتى ئەيسانىڭ قەلبىڭىزگە كىرگەنلىكىگە كەمتەرلىك بىلەن رەھمەت ئېيتىڭ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەن: «ئەگەر بىراۋ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن...». سىزنىڭ تۇيغۇڭىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز پەقەت ئۇنىڭ ئىجازىتىگە ئىشىنىڭ ھەمدە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىڭ.

# 11
# مەن ئېتىقادچى

مەن ئاخىرقى بۇ بابنى ھەزرىتى ئەيساغا قەلب ئىشىكىنى ئاچقۇچىلارغا ئاتاپ يازدىم. بۇ كىشىلەر ئەيسا مەسىھكە ئۆزلىرىنى ئاللىقاچان تاپشۇرۇپ، ئېتىقادچىلىق تۇرمۇشىنى باشلىغانلاردۇر. لېكىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئېتىقادچى بولۇش باشقا گەپ، ئېتىقادچىلىق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ ئۆتۈش يەنە باشقا بىر گەپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ يەردە ئېتىقادچىلىق تۇرمۇشىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

سىز ھەزرىتى ئەيسانى ھاياتىڭىزغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىرگىنىڭىزدە، ئۇ سىزگە يېڭى ھاياتنى ئاتا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىلتىپاتى بولمىسا، سىزنىڭ توۋا قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. سىز ھازىر يېڭىۋاشتىن تۇغۇلدىڭىز. سىز خۇدانىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، خۇدانىڭ پەرزەنتى بولدىڭىز. بۇۋاق تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىدراكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، دەسلەپتە سىزمۇ ھېچقانداق چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ بولغىنىنى سېزەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئاڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئىنكاسىنىڭ قايتۇرۇلۇشىدۇر، شۇنداقلا ئىنسان تەرەققىياتىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز

تۇغۇلغاندىن كېيىن، قانداق مۇستەقىل ئادەم بولغان بولسىڭىز، روھىي جەھەتتە يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغاندىن كېيىن، مەسىھنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنداق يېڭى ئادەم بولىسىز.

سىز بەلكىم خۇدا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. توغرا، خۇدا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى، پۈتۈن مەۋجۇدات ئۇنىڭغا مەنسۇپ، «بىز خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى!» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17-باب، 28-ئايەت). لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب» ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، خۇدانىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھە ئىچىدە يېڭىلىغان ئادەملەر بىلەن ئورناتقان ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتتۇر. يۇھاننا ئۆزى يازغان خۇش خەۋەردە بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

> «ئۇ ئۆز تۇپرىقىغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۆز خەلقى قوبۇل قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش ھوقۇقىنى بەردى. بۇ ھوقۇقنا ئېرىشكەنلەر يا قاندىن، يا جىنسىي تەلەپتىن، يا ئىنسان خاھىشىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن قايتا تۆرەلگەن بولىدۇ» (1-باب، 11-ئايەتتىن 13-ئايەتكىچە).

دېمەك، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى خۇدادىن تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ كىشىلەر دەل ئەنە شۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ نامىغا ئىشىنىپ، ئۇنى قارشى ئالغانلاردۇر.

خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش زادى قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟ خۇددى ئائىلىدىكى ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ ئۆزىگە خاس ھوقۇقى ھەم مەسئۇلىيىتى بولغىنىدەك، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ھوقۇقى ھەم مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇ نۇقتىنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىمىز.

### (1) خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھوقۇقى

خۇدانىڭ ئائىلىسىدە يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش دېگەنلىك ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇ مۇناسىۋەتنى مۇزاكىرە قىلىپ ئۆتىمىز.

ئا. بۇ بىر خىل قويۇق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ

بىز ئالدىنقى بابلاردا، گۇناھنىڭ خۇدا بىلەن ئىنساننى ئايرىۋېتىپ، خۇدا بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئېگىز تام ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدۇق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيانى سوراق قىلىدىغان خۇدانىڭ ئادىل سورىقىنىڭ ئاستىدا ئىدۇق. لېكىن، ھازىر بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئىشەنچى ئارقىلىق خۇدا بىلەن ئەپلىشىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، بىز خۇدا تەرىپىدىن «ھەققانىي» دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق ھەم گۇناھسىز دەپ جاكارلاندۇق. بىزنى سوراق قىلغۇچى بىزنىڭ ئاتىمىزغا ئايلاندى.

«قاراڭلار، ئەرشتىكى ئاتىمىز بىزگە نەقەدەر مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكەن-ھە! ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى شۇنچىلىك چوڭقۇركى، ئۇ بىزنى ‹پەرزەنتلىرىم› دەپ ئاتىدى. ھەقىقەتەنمۇ بىز خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىمىز» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 3-باب، 1-ئايەت).

«ئاتا» ۋە «ئوغۇل» ئىبارىسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزى بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن ئىشلەتكەن ئالاھىدە ئاتالغۇسى. ئۇ ھازىر بىزنىڭمۇ بۇ ئىبارىنى ئىشلىتىشىمىزگە رۇخسەت قىلدى. بىز ئەيسا مەسىھ بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق ئۇ بەھرىمەن بولغاندىن بەھرىمەن بولدۇق. 3-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان سىپرىيان ھەزرىتى ئەيسانىڭ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن دۇئاسى توغرىسىدا يازغان ئەسىرىدە، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدانىڭ ئىلتىپاتى نەقەدەر زور-ھە! ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ۋە بىزگە كۆرسەتكەن ياخشىلىقى نەقەدەر مول! چۈنكى، ئۇ دۇئا قىلغىنىمىزدا، ئۆزىنى ئاتا، دەپ ئاتىشىمىزنى ئارزۇ قىلدى. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىشىمىزگە رۇخسەت قىلمىغان بولسا، بىز ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتۇق».

بىز ھازىر بۇ دۇئانى جۈرئەتلىك ھالدا ئوقۇيمىز، خۇدا ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ ئاسماندىكى ئاتىمىز، ئۇ بىزنىڭ ئېھتىياجلىرىمىزنى بىلىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى بىزدىن ئايىمايدۇ. («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6ـ باب، 32ـ ئايەت؛ 7ـ باب، 11ـ ئايەت).

> بەزىدە خۇدا بىزگە جازا ئارقىلىق تەربىيە بېرىدۇ: «چۈنكى، پەرۋەردىگار سۆيگەنلىرىگە تەربىيە بېرىدۇ، پەرزەنتىم دەپ قوبۇل قىلغانلارنى چىۋىقلايدۇ» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 12ـ باب، 6ـ ئايەت؛ «زەبۇر» 3ـ باب، 12ـ ئايەت).

لېكىن بىلىشىڭىز كېرەككى، جازا تايىقىنى كۆتۈرگىنى مېھرىبان ئاتىنىڭ قولىدۇر. مۇشۇنداق مېھرىبان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، كۈچلۈك ئاتىمىز بولغانلىقتىن، بىز بارلىق قورقۇنچتىن قۇتۇلدۇق.

ئە. بۇ بىر خىل ھەقىقىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ

ئېتىقادچىلارنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش مۇناسىۋىتى خۇدا بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەت بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ھەقىقىي بولغان مۇناسىۋەتتۇر. ئۇنداقتا، بىز بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟ نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىشنى خالىمايدۇ. بىزنىڭ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز بىزنى خاتىرجەم قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى خۇدا بىزنىڭ بۇ مۇناسىۋەتنى ئېنىق

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزنى خالايدۇ. يۇھاننا مۇنداق يازىدۇ:

«مەن بۇلارنى خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان سىلەرگە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى بىلسۇن، دەپ يازدىم» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 5ـ باب، 13ـ ئايەت).

بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىشىمىز پەقەتلا ئۆز تۇيغۇمىزغا ئاساسلانمايدۇ. ئاز بولمىغان يېڭى ئېتىقادچىلار دەسلەپتە، بۇ خىل خاتالىقنى ئاسانلا ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ. ئۇلار ئۆز تۇيغۇلىرىغا كۆپكىرەك ئېتىۋار بەرگەچكە، بۇ خىل خاتالىقنى ئاسانلا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار بۈگۈنى خۇدا بىلەن يېقىن بولغاندەك ھېس قىلسا، ئەتىسى خۇدادىن يىراقلاشقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇلار تۇيغۇ بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەپ قارىغاچقا بۇ ئۇلارنىڭ ئىشەنچ تۇرمۇشىغا يەنى ئېتىقاد تۇرمۇشىغا خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ-دە، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئېتىقادچىلىق تۇرمۇشىدا تۇراقسىزلىق شەكىللىنىدۇ يەنى ئۇلار بۈگۈنى مەغرۇر بولسا، ئەتىسى چۈشكۈنلىشىدۇ. بۇ خىل خاتا كۆز قاراش ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇيغۇسىغا ئاساسلانماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، ئادەمنىڭ تۇيغۇسى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. تۇيغۇ ھاۋارايى، شارائىت ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىمىزغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ تۇيغۇمىز بىزنىڭ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە قىلچىمۇ مۇناسىۋەتسىز.

بىزگە ئايانكى، بىز بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداقتۇر ئىنسانىنىڭ تۈيغۇسى ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆزىنى ئاساس قىلغان، خۇدانىڭ سۆزى ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەتتۇر. بىز بۇ خىل ئاساسنى ئۆزىمىزدىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆزىدىن ئىزدەگەندىلا، خاتالاشمايمىز. قىنى، بىز خۇدانىڭ تۆۋەندە بۇ ھەقتە نېمىلەرنى ئېيتقانلىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى.

خۇدا مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارغا ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىزگە ئىجازەت بەرگەن بولۇپ، «مۇقەددەس كىتاب»تا بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

> «بۇ گۇۋاھلىق شۇكى، خۇدا بىزگە مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئاتا قىلدى. بۇ ھاياتلىق بىزگە ئۇنىڭ ئوغلى ئارقىلىق كەلدى. شۇڭا، خۇدانىڭ ئوغلىنى قوبۇل قىلغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىراق، خۇدانىڭ ئوغلىنى قوبۇل قىلمىغان كىشى ھاياتلىققا ئىگە بولمىغان بولىدۇ» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 5ـباب، 11ـ ۋە 12ـئايەت).

ئۆزىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىمىزغا كەمتەرلىك بىلەن ئىشىنىش ھەرگىزمۇ ساراڭلىق ئەمەس، ئەكسىچە ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. گۇمانلىنىشنىڭ ئۆزى نادانلىق ۋە گۇناھتۇر. چۈنكى:

«خۇدانىڭ ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى خۇدانىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەق دەپ بىلىدۇ. بىراق، خۇدانىڭ گۇۋاھلىقىغا ئىشەنمىگەن كىشى خۇدانى يالغانچى دەپ قارىغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ، خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى توغرۇلۇق بەرگەن گۇۋاھلىقىغا ئىشەنمىگەن بولىدۇ» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 5-باب، 10-ئايەت).

«مۇقەددەس كىتاب»تا، خۇدانىڭ ئىجازەتلىرى تولۇق نامايان قىلىنغاندۇر. ئەقىللىق ئېتىقادچى خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قەلبىدە ساقلايدۇ. چۈشكۈنلەشكەن چېغىدا، خۇدانىڭ ئىجازىتىگە تايىنىپ، ئۆزىنى خۇددى ئارغامچىغا ئېسىلغاندەك، تارتىپ چىقىرىدۇ. تۆۋەندە ئېسىمىزدە دائىم بولۇشقا تېگىشلىك ئايەتلەردىن بىرقانچىنى مىسال قىلىپ ئۆتىمىز:

«خۇدائاتام ماڭا تاپشۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ. مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنلەرنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 37-ئايەت).

«ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلىمەن. ئۇلار ئەسلا ھالاك بولمايدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم قولۇمدىن تارتىۋالالمايدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 28-ئايەت).

«سەندىن ئەسلا ئايرىلمايمەن، سېنى ئەسلا تاشلىمايمەن» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 28ـباب 28ـئايەت ؛ «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 13ـباب، 5ـئايەت).

«. . . خۇدا ئىشەنچلىكتۇر! ئۇ سىلەرنى بەرداشلىق بېرىش چېكىڭلاردىن ھالقىغان سىناقلارغا ئۇچراتمايدۇ» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 10ـباب، 13ـئايەت).

«گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلساق، ئىشەنچلىك ۋە ئادىل خۇدا گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق گۇناھلىرىمىزدىن پاك قىلىدۇ» («يۇھانا يازغان بىرىنچى خەت» 1ـباب، 9ـئايەت).

«ئەگەر ئاراڭلاردىكى بىرى ئەقىل-پاراسەتكە موھتاج بولسا، ھەممىگە سېخىيلىق بىلەن بېرىدىغان ۋە مالال كۆرمەيدىغان خۇدادىن تىلىسۇن. شۇندىلا، ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ »(«ياقۇپ يازغان خەت» 1ـباب، 5ـئايەت).

ئىككىنچى، خۇدا بىزنىڭ قەلبىمىزگە سۆزلەيدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە قۇلاق سېلىڭ:

> «خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى قەلبىمىزگە سىڭدۈرگەن» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 5-ئايەت).

> «خۇدانى ‹ئى سۆيۈملۈك ئاتا!› دەپ چاقىرالايدىغان بولدۇڭلار. بۇ مۇقەددەس روھ قەلب روھىمىز بىلەن بىللە بىزنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 8-باب، 15-ئايەتتىن 16-ئايەتكىچە).

ھەربىر ئېتىقادچى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. مۇقەددەس روھنىڭ قەلبىمىزدە بەرگەن گۇۋاھلىقى «مۇقەددەس كىتاب» گۇۋاھلىقىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ بىزنىڭ ھەرگىزمۇ ھېسسىياتقا تايانغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى بىز خۇدانى دۇئالىرىمىز ئارقىلىق ئىزدىگەندە، مۇقەددەس روھنىڭ بىزگە خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرسىتىپ، خۇدانى ‹ئى ئاتا!› دەپ چاقىرغۇزىدىغانلىقىغا ۋە ئىشەنچىمىزنىڭ ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەنگىنىمىزدۇر.

ئۈچىنچى، مۇقەددەس روھ بىزنىڭ پەرزەنتلىك سالاھىيىتىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ گۇۋاھلىقىنى بىزنىڭ پەزىلىتىمىز جەھەتتىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەگەر بىز خۇدانىڭ ئائىلىسىدە يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان بولساق، خۇدانىڭ روھى بىزنىڭ

قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ. دەرۋەقە، مۇقەددەس روھنىڭ قەلبتىن ئورۇن ئېلىشى خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ھوقۇقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق بەلگىسىدۇر.

> «خۇدانىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياشىغانلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىدۇر» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 8ـباب، 14ـئايەت).

> «قەلبىدە مۇقەددەس روھ، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ روھى بولمىغان ئادەم ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ ئەمەستۇر» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 8ـباب، 9ـئايەتتىن 17ـئايەتكىچىدىن پايدىلىنىڭ).

مۇقەددەس روھ قەلبىمىزگە كىرگەندىن كېيىن، خاراكتېرىمىزگە نىسبەتەن ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى باشلىۋېتىدۇ. يۇھاننا «يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت»تە بۇ نۇقتىنى ـئېنىق شەرھلەپ بەرگەن. ئەگەر بىر ئادەم خۇدانىڭ قانۇنلىرىغا ئىزچىل خىلاپلىق قىلسا، ھەم باشقىلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئىشەنچلىك قارىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەرگىزمۇ ئېتىقادچى ئەمەستۇر. ھەققانىيلىق ۋە مېھىر-مۇھەببەت خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بەلگىلىرىدۇر.

ب. بۇ بىر خىل ئىشەنچلىك مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ
ئەگەر بىز خۇدا بىلەن ئاللىقاچان زىچ مۇناسىۋەت ئورناتساق ھەم خۇدانىڭ سۆزلىرىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشسەك، بۇ مۇناسىۋەت مەڭگۈلۈك كۈچكە ئىگە، ئۆزگەرمەس ۋە تۇراقلىق مۇناسىۋەت بولامدۇ؟ بۈگۈنى يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇش ئارقىلىق خۇدانىڭ ئائىلىسىگە ئەزا بولغان بىزلەر ئەتىسىلا بۇ ئائىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلامدۇق قانداق؟ «مۇقەددەس كىتاب» بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. پاۋلۇس مۇنداق يازىدۇ:

> «خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنمىز، ئۇنىڭ ۋەدە قىلغان ھەقىقىي بايلىقىغا مىراسخورمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە مىراسخورلۇق قىلىمىز» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 8ـباب، 17ـئايەت).

ئارقىدىنلا، پاۋلۇس مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يەنە خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ ئامان-ئېسەن بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ، چۈنكى ھېچقانداق نەرسە ئۇلاردىن خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ.

بەلكىم سىز: «ئەگەر مەن گۇناھ ئۆتكۈزسەم، قانداق قىلىمەن؟ شۇنىڭلىق بىلەن پەرزەنتلىك سالاھىيىتىمنى يوقىتىپ قويامدىم؟ شۇنىڭدىن كېيىن خۇدانىڭ پەرزەنتى بولالامدىم؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. سىز بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئائىلىسىنى

ئويلاپ كۆرۈڭ. ئەگەر بىر ياش يىگىت ئاتا-ئانىسىنى رەنجىتسە، ئائىلىنىڭ كەيپىياتى جىددىيلىشىپ، ئائىلىنى قارا تۇمانلار قاپلىشى مۇمكىن، ھەتتا ئاتا-بالا پاراڭلاشماسلىقىمۇ مۇمكىن، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇ ئوغۇل ئۇلارنىڭ پەرزەنتى ھېسابلانمامدۇ؟ ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ يەردە بۇزۇلغىنى ئۇلارنىڭ ئالاقىسى، چۈنكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتى تۇغما مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھېچقانداق نەرسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، لېكىن، ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى باردى-كەلدى يەنىلا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ياش يىگىت خاتالىقىنى تونۇپ، ئاتا-ئانىسىدىن كەچۈرۈم سورىسا، ئۇ كەچۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىمۇ بۇ كەچۈرۈم بىلەن ئەسلىگە كېلىدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا باشتىن-ئاخىرغىچە ئۆزگەرمەيدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بىزمۇ گۇناھ ئۆتكۈزسەك، پەرزەنتلىك سالاھىيىتىمىزدىن ئايرىلىپ قالمايمىز، ئەمما بىزنىڭ خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىمىز بىز تاكى تۇۋا قىلىپ، گۇناھتىن خالاس بولغۇچە بۇزۇلىدۇ:

> «گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلساق، ئىشەنچلىك ۋە ئادىل خۇدا گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق گۇناھلىرىمىزدىن پاك قىلىدۇ» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1-باب، 9-ئايەت).

«مۇبادا بىرىمىز گۇناھ سادىر قىلساق، ئاقىلغۇچىمىز بولغان ئادىل ئەيسا مەسىھ ئەرشتىكى ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا بىزنى ئاقلايدۇ. ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن قىلىنغان قۇربانلىقتۇر» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 2ـباب، 1ـ ۋە 2ـئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز، دەرھال تۈزىتىڭ، ئاخشامنى ياكى يەكشەنبە كۈننى ساقلىماڭ. ئەگەر سىز يىقىلىپ چۈشسىڭىز، خۇدانىڭ ئايىغىغا تىزلىنىپ، ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى كەمتەرلىك بىلەن تىلەڭ. دەرھال تۈۋا قىلىڭ، ھەرگىز كېچىكتۈرمەڭ. پاك ۋىجدانىڭىزنى كۆچىڭىزنىڭ بارىچە ساقلاڭ. ۋىجدانىڭىز بۇلغانمىسۇن.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز بىرلا قېتىم ھەققانىي دەپ جاكارلىنىمىز، بىراق كۈندە كەچۈرۈلىمىز. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىنىڭ پۇتىنى يۇغاندا، ئۇ بۇ ھەقىقەتكە ئىسپات بەرگەن. پېترۇس ھەزرىتى ئەيسادىن پەقەت پۇتىنىلا ئەمەس، بەلكى قولىنى ۋە بېشىنىمۇ يۇيۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«يۇيۇنۇپ بولغان ئادەمنىڭ قايتا يۇيۇنۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت پۇتلىرىنى يۇسىلا، پۈتۈن ئەزاسى پاك بولىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 13ـباب، 9ـ ۋە 10ـئايەت).

يېرۇسالېمدا مېھمانغا چاقىرىلغان ئادەم ئالدى بىلەن چوقۇم ئۆز ئۆيىدە يۇيۇناتتى، پەقەت بىر خىزمەتكار ساھىبخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ، كەلگەن مېھمانلارنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قوياتتى. شۇڭلىغا ئوخشاش، بىز ھەزرىتى ئەيسانى دەسلەپتە توۋا قىلىش ۋە ئىشەنچىمىز ئارقىلىق قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدا بۇ «يۇيۇنۇش»نى قوبۇل قىلغان بولىمىز. (يەنى بۇ بىزنىڭ ھەققانىي بولغانلىقىمىزدۇر). بۇ ھەرىكەتنى قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز. لېكىن، بىز توپا-چاڭ باسقان بۇ دۇنيادا ماڭغانىكەنمىز، دائىم «پۇتىمىزنى يۇيۇپ» تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، بۇ بولسىمۇ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كۈندىلىك كەچۈرۈمدۇر.

### (2) خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى

خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولۇش ئالاھىدە بىر خىل ھوقۇقتۇر. لېكىن، بۇ بىزگە مەلۇم مەسئۇلىيەتنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. پېترۇس مۇنداق دەيدۇ:

> «خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئانىنىڭ سۈتىگە تەشنا بولغاندەك، سىلەرمۇ خۇدانىڭ ساپ سۆزىگە تەشنا بولۇڭلار» («پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 2-باب، 2-ئايەت).

مانا بۇ مەسئۇلىيەتكە قارىتا ئېيتىلغان سۆزدۇر. خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە بولسا، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى ئۆسۈپ-يېتىلىشتە بولىدۇ. ھەربىر ئادەم

كىچىك باللارنى ئاسرايدۇ، لېكىن نورمال بىر ئادەم كىچىك باللارنىڭ مەڭگۈ كىچىك پېتى تۇرۇۋېرىشىنى خالىمايدۇ. ئەپسۇسكى، يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان نۇرغۇن ئېتىقادچىلار دېگەندەك ئۆسۈپ يېتىلەلمەيۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى روھىي جەھەتتە چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ئىرادىسى: «ئەيسا مەسىھ ئىچىدە بوۋاق پېتى تۇرغانلارنىڭ» ئۆسۈپ يېتىلىپ، «ئەيسا مەسىھ بىلەن ئوخشاش بولۇشى»دىن ئىبارەتتۇر. («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 3_باب، 1_ئايەت؛ «ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 4_باب، 13_ئايەت). بىز تۇغۇلغانىكەنمىز، چوقۇم چوڭ بولۇشىمىز كېرەك.

ئېتىقادچىلار چوقۇم ئىككى كاتېگورىيە ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك. بىرىنچىسى، بىلىم جەھەتتە؛ ئىككىنچىسى، پاكلىقتا ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك. ئېتىقاد تۇرمۇشىمىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بىزنىڭ بىلىمىمىز ناھايىتى كەمچىل بولىدۇ ھەمدە خۇدانى ئەمدىلەتىن تونىغان ھالەتتە تۇرىمىز. ئەمدىلىكتە بىز چوقۇم خۇدا ۋە قۇتقۇزغۇچى ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى بىلىمىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك («كولوسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 1_باب، 10_ئايەت؛ «پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت» 3_باب، 18_ئايەت). بۇ بىلىملەرنىڭ بىر قىسمى ئىدراك جەھەتتىكى بىلىم بولسا يەنە بىر قىسمى تەجرىبىمىزدىن خۇلاسىلەنگەن بىلىمدۇر. ئالدىنقىسىغا نىسبەتەن، مېنىڭ سىلەرگە قىلىدىغان نەسىھەتىم شۇكى، سىلەر پەقەت «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئەيسا مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك باشقا

كىتابلارنىمۇ ئوقۇشۇڭلار كېرەك. بۇ مەسىلىگە سەل قارىساق، ئۆز-ئۆزىمىزگە باش ئاغرىقى تېپىۋالىمىز.

بىزنىڭ ھاياتىمىز يەنە چوقۇم پاكلىقتا ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك. «يېڭى ئەھدە»نىڭ ئاپتورلىرى بىزنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچ، ئىنسانلارغا بولغان مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئەيسانى ئۈلگە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز توغرىسىدا كۆپ توختالغانىدى. خۇدانىڭ ھەربىر پەرزەنتى ئەيسا مەسىھكە خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشاش خالايدۇ. بىز خۇدانىڭ بۇيرۇقلىرىغا كۈچىمىزنىڭ بارىچە بويسۇنۇشىمىز، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. خۇدانىڭ بىزگە مۇقەددەس روھنى ئىلتىپات قىلىشىمۇ دەل مانا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈندۇر. مۇقەددەس روھ بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسى قىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە تۇرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىگە بويسۇنساق، ئۇ بىزنىڭ يامان نىيەتلىرىمىزنى كونترول قىلىپ، تۇرمۇشىمىزدا ئۆزىنىڭ مېۋىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ. يەنى بۇ مېۋىلەر:

«مېھىر-مۇھەببەت، خۇشال-خۇراملىق، تىنچ-ئامانلىق، سەۋر-تاقەت، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، سادىقلىق، مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش»دىن ئىبارەتتۇر («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 22- ۋە 23-ئايەت).

لېكىن، بىز قانداق قىلساق ئۆسۈپ يېتىلەلەيمىز؟ بۇنىڭ سىرى خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا.

### ئا. بىزنىڭ خۇداغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

گەرچە بىزنىڭ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىزىدىلا توختاپ قالسا بولمايدۇ. خۇدا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە، بۇرۇنقى ئېتىقادچىلار مەقسەتكە يېتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلىنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»نى كۈندە ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇش ۋە دۇئا قىلغان ۋاقىتتا خۇدانى كۈتۈش كېرەكلىكىنى بايقىغانىدى. بۇ ئۆسۈپ يېتىلىشنى خالايدىغان ھەر بىر ئېتىقادچىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇلدۇر. ھازىرقى زامان ئادەملىرى بەكمۇ ئالدىراش، شۇنداقتىمۇ بىز خۇدا بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ۋاقتىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

«مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش بەكمۇ مۇھىم. بىزنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇشتىكى مەقسىتىمىز شۇكى، «مۇقەددەس كىتاب» ئارقىلىق خۇدا بىزگە سۆز قىلىدۇ، بىز دۇئا ئارقىلىق خۇداغا سۆزلەيمىز. «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇغاندا، ئالدى بىلەن دۇئا قىلىپ، مۇقەددەس روھنىڭ بىزنى يېتەكلىشىنى تىلەيلى، ئاندىن ئاستا-ئاستا ئوقۇيلى، ئوقۇغانلىرىمىزنى چوڭقۇر ئويلىنايلى، قايتا-قايتا ئوقۇيلى. سىز

«مۇقەددەس كىتاب»نى چۈشەندۈرىدىغان كىتابلاردىن پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئاندىن سىز ئۆگەنلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشىغا تەدبىق قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى خاتىرە تۇتۇپ خاتىرىلەپ ماڭسىڭىز، بۇنىڭ سىزگە ياردىمى زور بولىدۇ. بىزنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»تىن ئەيسا مەسىھنى تېپىشىمىز يەنىلا ئەڭ مۇھىمدۇر. چۈنكى، ئۇ «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ باش تېمىسىدۇر.

ئەمدى دۇئا قىلىشقا كەلسەك، خۇدا سىزگە نېمە دېگەن بولسا، سىز ئۇنىڭغا شۇ تېمىدا سۆزلىسىڭىز بولىدۇ. سىز ئەڭ ياخشىسى تېمىدىن چەتنەپ كەتمەڭ. ئەگەر خۇدا ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ شان-شۆھرىتى توغرىسىدا سۆزلىگەن بولسا، سىز ئۇنىڭغا دۇئايىڭىز ئارقىلىق سەجدە قىلىڭ. ئەگەر خۇدا سىزگە سىز ۋە گۇناھلىرىڭىز توغرۇلۇق سۆزلىگەن بولسا، سىز ئۇنىڭ ئالدىدا تىزدىن توۋا قىلىڭ. ئېرىشكەن بەخت-سائادىتىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىڭ. سىز ئۆگەنگەنلىرىڭىز توغرىسىدا دۇئايىڭىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، باشقا ئىشلار ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىڭ. «مۇقەددەس كىتاب»نى دۇئا قىلىشنىڭ بىرىنچى ياردەمچى كۈچى دېسەك، كۈندىلىك خاتىرىڭىزنى ئىككىنچى ياردەمچى، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. خۇدا سىزنىڭ ئاتىڭىز، سىز ئۆزىڭىزدىكى مەسىلىلەرنى ۋە ئارزۇلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا ئىككىلەنمەستىن ئېيتسىڭىز بولىدۇ، ئۇ تۇرمۇشىڭىزدىكى ھەربىر كىچىك مەسىلىگە قەدەر تەپسىلىي كۆڭۈل بۆلىدۇ.

## ئە. بىزنىڭ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

ئېتىقادچىلىق تۇرمۇشى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي ئىشىمىزلا ئەمەس. ئەگەر بىز يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇپ، خۇدانىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولساق، خۇدا بىزنىڭ ئاتىمىز بولۇپلا قالماي، دۇنيادىكى بارلىق ئېتىقادچىلارنىڭ ھەممىسى مىللەت ۋە ئىرق ئايرىماستىن بىزنىڭ مەسىھ ئىچىدىكى قېرىنداشلىرىمىز بولىدۇ. «يېڭى ئەھدە»نىڭ ئېتىقادچىلارغا نىسبەتەن قوللانغان ئاتالغۇسى دەل «قېرىنداش»دۇر. بۇ ئۇلۇغ بىر ھەقىقەتتۇر. لېكىن، ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بىز چوقۇم يەرلىك ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگىمۇ قاتنىشىشىمىز لازىم. ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ ئۆزى قاراشلىق ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىدە ئورنى بولۇشى، ئىبادەت قىلىش، بىر-بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا ئورتاقلىششى كېرەك. سۇغا چۆمۈلۈش ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە ئەزا بولۇشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ باشقا مەنىلىرىمۇ بار يەنى ئەگەر سىز چۆمۈلدۈرۈلۈشنى تېخى قوبۇل قىلمىغان بولسىڭىز، يېتەكچىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. ھەر يەكشەنبە كۈنى باشقا ئېتىقادچىلار بىلەن جەم بولۇپ ئىبادەت قىلىش ئېتىقادچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر.

ب. بىزنىڭ دۇنياغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىز

ئېتىقادچىلىق تۇرمۇشى بىر خىل ئائىلىۋى تۇرمۇش بولۇپ، پەرزەنتلەر ئاسماندىكى ئاتىسى بىلەن بىرلىكتە ئائىلىۋى ھوزۇردىن بەھرىمان بولىدۇ، ئۆز ئارا بىر-بىرىنى سۆيىشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مەسئۇلىيىتى يوق، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئېتىقادچىلار ھەرگىزمۇ ئۆز ئىشىكى ئالدىدىكى قارنىلا سۈپۈرۈپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان شەخسىيەتچىلەردىن ئەمەس. ئەكسىچە، ھەقىقىي بىر ئېتىقادچى باشقىلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ بىر قىسمى باشقىلار ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر خىزمەت قىلىشتۇر. ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكنىڭ تارىختىن بۇيان كەمبەغەللەرگە، كېسەللەرگە، ئېزىلگەنلەرگە، كەمسىتىلگەنلەرگە، قۇللارغا، قامالغانلارغا، يېتىملارغا، تاشلىۋېتىلگەنلەرگە ۋە سەرگەردانلارغا ياردەم قىلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خىزمەت خاتىرىلىرى بار. بۇ ئىشلار تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە، بۇ خىزمەت بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. ئېتىقادچىلارنىڭ «دۇنيا»غا نىسبەتەن يەنە بىر ئالاھىدە مەسئۇلىيىتى بار يەنى مەسىھ ۋە ئۇنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ سىرتىدىكى ئادەملەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتۇر. خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ھەزرىتى ئەيسا توغرىسىدىكى خەۋەرنى باشقىلارغا ئېيتىش دېگەنلىكتۇر. نۇرغۇن ئادەملەر مەسىھ ۋە ئۇنىڭ قۇتقۇزۇش ئىشىنى تېخى ئاڭلىغىنى يوق، ئەھۋال ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، غەرب

ئەللىرىدىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭمۇ ئۇيقۇغا غەرق بولغىنىغا بىر نەچچە يۈز يىل بولدى. پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ مەسىھكە مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈن، ھازىرقى زاماندىكى ئېتىقادچىلار ئۇيقۇلىرىنى ئاچالارمۇ؟ بەلكىم خۇدا سىزنى خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە چاقىرىشى ياكى سىزنى خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ئوقۇغۇچى ھەم بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بولسىڭىز، ئالدىراپ قارار چىقارسىڭىز توغرا بولمايدۇ. لېكىن، سىز خۇدانىڭ سىزگە بولغان ئىرادىسىنى ئىزدىشىڭىز ھەم ئۇنىڭغا بويسۇنۇشىڭىز لازىم.

گەرچە ھەربىر ئېتىقادچى يېتەكچى ياكى خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى بولۇشقا چاقىرىلمىسىمۇ، لېكىن خۇدا ھەربىر ئېتىقادچىنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ گۇۋاھچىسى بولۇشىنى پىلان قىلغان. ئېتىقادچىنىڭ ئائىلىدىكى، دوستلار ئارىسىدىكى، مەكتەپتىكى ياكى خىزمەت ئورنىدىكى مەسئۇلىيىتى سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى، مېھرىبانلىق، كەمتەرلىك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئەيسا مەسىھتەك تۇرمۇش كەچۈرۈش، ھەمدە باشقىلارنى ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇشقا يېتەكلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سىز بۇ ئىشلارغا ئۆزىڭىزنى تەييار قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ ئىشلارنى باشلاشتا ئۇنىڭدىن دۇئا قىلىپ ياردەم سوراش كېرەك. سىز يېتەكلىمەكچى بولغان ئادەملەر ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ، ئۇلار بىلەن دوستلۇقنى كۈچەيتىڭ، ئۇلارغا كۆكۈل بۆلۈڭ، پۇرسەت بولسا ئۇلارنى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە باشلاپ بېرىڭ ياكى

ئۇلارغا بىر قىسىم كىتابلارنى بېرىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش يولىدىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىڭ. دېمىسەممۇ بىلىسىلەركى، ئەگەر بىزنىڭ سۆز-ھەرىكىتىمىز بىردەك بولمىسا، ھەرقانداق كۈچلۈك گۇۋاھلىقىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەزرىتى ئەيسا ئۆزگەرتكەن ھاياتىمىز ئەيسا مەسىھكە كۈچلۈك ئىسپات بېرەلەيدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىدۇر.

دېمەك، ھەزرىتى ئەيسا ھاياتىمىزنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئۆلدى ھەم تىرىلدى. شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ روھىنى بىزگە تەقدىم قىلدى. ئۇ بىزنى ھېچنېمىمىزدىن ئايانماي، ئۆزىمىزنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە چاقىرماقتا.